


# چەتئەل پەرزەنت تەربىيىسىدىن نادىر ئۆزۈندىلەر

## پەرزەنت تەربىيەسىدىكى نېگىزلىك 100 نۇقتا

تەرجىمە قىلغۇچى: ماركو (ئابدە)

ئالاھىدە ئەسكەرتىش:

بۇ تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى توردىكى پەرزەنت تەربىيىسى دەستۇرلىرى بولۇپ پەقەت شەخسنىڭ قىزىقىشى بىلەنلا كەڭ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇنۇلدى، ھەرقانداق سودا خاراكتېرىدا ئىشلىتىشكە قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر ئاپتور ھوقۇقىغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرى بار بولسا بىز بىلەن ئالاقىلاشسا بىز دەل ۋاقتىدا بۇ ماتېرىيالنى ئۆچۈرىمىز.

## 1. ھېچبىر بالا بولمىغۇر قىلىقلار بىلەن تۇغۇلمايدۇ.

بولمىغۇر قىلىقلار، بالىنىڭ ھېسسىي دۇنياسىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر .

ھەرقانداق بالا تۇغۇلۇش بىلەنلا بولمىغۇر قىلىقلارغا ئىگە بولمايدۇ.

بولمىغۇر قىلىقلار بالىنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا توغرا خىتاب قىلماسلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

قىلىق ـ قىلمىشلار تۇيغۇلارنىڭ سىگنالىدۇر...

بالا تۇيغۇلىرىدا بىنورماللىق ھېس قىلغان ۋاقتىدا، بۇ بىنورماللىقنى ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

بالىنىڭ بىنورمال ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىشىنىڭ ئورنىغا، بۇ بىنورمال ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە سەۋەب بولۇۋاتقان تۇيغۇلارنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ چىقىش ئاقلانىلىكتۇر.

مەسىلەن: ھېچبىر بالا تۇغۇلۇشىدىنلا قىزغانچۇق بولمايدۇ...

لېكىن بالىنىڭ قىزغانچۇقلۇق ھېسسى ئويغىتىلسا، قېرىندىشى ۋە دوستلىرىنى قىزغىنىدۇ. بالىنى قېرىندىشىغا ھەسەت قىلدى دەپ ئۇنىڭ قىزغانچۇقلۇق قىلىشى بىلەن تىركىشىشىنىڭ ئورنىغا، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ « قايسى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ بالىلىرىدا قىزغانچۇقلۇق ھېسسى ئويغاتقانلىقى »نى تەكشۈرۈپ بېقىشى كېرەك .

بىنورمال قىلمىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھېسسىي مەنبە يوقالغاندا، بىنورمال قىلمىشلارمۇ ئۆزلۈكىدىن تۈگەيدۇ.

## 2. بالىنىڭ ئۆزىگە ئوخشىغانلىقىدىن خۇشال بولۇش ئاتا ـ ئانىلاردا ساقلىنىۋاتقان خاتا چۈشەنچىدۇر

بالىنىڭ ئۆزىگە ئوخشىغانلىقىدىن خۇشال بولۇش مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاتا ـ ئانىلاردا ساقلىنىۋاتقان خاتا چۈشەنچىدۇر.

بالا ئۆزىگە قانچە ئوخشىغانسېرى ئاتا ـ ئانا ئۆزىنى شۇنچە خاتىرجەم ھېس قىلىدۇ. چۈنكى ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ نېمىنى قىلىپ، نېمىنى قىلمايدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ...

بالا ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان بولسا، ئىشلار ئاساسەن دېگۈدەك يولىدا بولغان بولۇپ، يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان بەك كۆپ خەتەر ۋە خاتالىقلاردىن ساقلىنىپ قالالايدۇ.

ھالبۇكى، بۇ خاتا چۈشەنچىدۇر.

گەرچە بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاش بولۇشقا ئىنتىلىشى ئاتا ـ ئانىسىنى خۇشال قىلسىمۇ، لېكىن بالىنىڭ ھېسسىي يېتىلىشى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس.

چۈنكى ھەر بىر بالا ئايرىم بىر ئىنساندۇر... بالا ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاش بولۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنسېرى « ئۆزى » بولۇشتىن يىراقلىشىدۇ .

بىر بالىغا قانچىكى « ئۆزى » بولۇش پۇرسىتى بېرىلسە، ئۇ روھىي جەھەتتىن شۇنچە ساغلام بولىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ئۆزىگە ئوخشىتىشقا تىرىشىشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارغا ئوخشاش بولۇشقا تىرىشىۋاتقان بالىلىرىغا « ئۆزۈڭ » كەبى بولغىن دەپ نەسىھەت قىلىشى كېرەك.

## 3. ئاتا ـ ئانىسى تەرىپىدىن نەزەرگە ئېلىنغان بالا بەختلىك بالىدۇر .

ئىنساننىڭ ئەڭ نېگىزلىك ئېھتىياجى بايقىلىش ۋە مەۋجۇتلۇقىنىڭ قەدىرلىنىشىدۇر.

پىكىرلىرى سەۋەبلىك دىققەتكە ئېلىنىش،ھېسلىرى بىلەن بايقىلىش، ۋە پەرق ئېتىلگەن تەرەپلىرى بىلەن قەدىرلىنىش بۇ ئېتىبارغا ئېلىنىشتۇر..

بالا ئېتىبارغا ئېلىنغىنچىلىك قەدىرلىكتۇر .

ئېتىبارغا ئېلىنمىغان بالا ئۆزىنى قەدىر قىممەتسىز ھېس قىلىدۇ، تۇيغۇلاردىكى يالغۇزلۇق، پىكىرلەردىكى يالغۇزلۇق، سۆھبەتلەردىكى يالغۇزلۇق....

ئىنسان يالغۇز قالدۇرۇلغانسىرى قەدىرسىزلىشىدۇ.

## 4. باشقىلارغا كۆرستىش ئۈچۈن ئىش قىلىدىغان بالا ئېغىر مەغلۇپ بولغان بالىدۇر

پەرزەنتىنىڭ ئۈتۈق قازىنىشىنى ئارزۇ قىلمايدىغان ئاتا ـ ئانا بولمىسا كېرەك، بۇ نورمال ئەھۋال.

ھەقىقىي ئۈتۈق، بالىنىڭ ئۆزلۈكىدىن بېرىلىپ قىلغان ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىدۇر . باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىش ياكى ماختىنىشقا سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش ئۈتۈق ئەمەس .

بالا ئۈچۈن ئۈتۈقنىڭ ئىلھام مەنبەسى ئانىسىنىڭ، دادىسىنىڭ ۋەياكى باشقىلارنىڭ تەقدىرىنى ئېلىشقا ئايلانغان بولسا، بۇ ئۆز ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئىلھام بىلەن ئېرىشكەن ئۈتۈق ئەمەس... ئەكسىچە تەقدىرلەشكە ئېرىشىش ئارزۇسى ھاسىل قىلغان ئۈتۈقتۇر.

بۇنداق بالا ئەتراپىدا ئۈنى ياكى غەلبىسىنى ماختىغۇدەك كىشى بولمىغان ۋاقىتتا ھېچقانداق بىر ئىشنى قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىش قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرەلمىگەن بالا، مەيلى قانچىلىك ئىشلاردا ئۈتۈق قازىنىشىدىن قەتئىينەزەر قولغا كەلتۈرگەن ئۈتۈقنىڭ ئىلھام مەنبەسى

ئۇنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئەمەس بولۇپ، بۇمۇ ھەقىقىي ئۇتۇق ھېسابلانمايدۇ.

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھۇجرىسىنى رەتلىك تۇتىدىغان بالا، رەت ـ تەرتىپلىك بالا ئەمەس، بەلكى تەقدىرلىنىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان بالىدۇر .

## 5. جاھىل بالا يوقتۇر، توسقۇنلۇققا ئۇچراپ تۇرىدىغان بالا باردۇر.

جاھىللىق تۇغۇلۇشتىنلا بار بولغان خاراكتېر ئەمەس، ئەكسىچە كېيىن يۇقتۇرىۋالغان خۇلقتۇر .

بالىنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئۆسۈپ يېتىلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانسېرى، بالا بۇ توسالغۇنى يېڭىش ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلايدۇ.

بۇ خىل قارشىلىق كۆرسىتىش چوڭلارنىڭ نەزىرىدىكى « جاھىللىق »تۇر.

ھالبۇكى، بالا بۇ ۋاقىتتا پەقەتلا ئىچكى ھېس ـ تۇيغۇسىنىڭ ئالدىنى توسقان توسالغۇنى ئاغدۇرۇش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىنى تاماملاش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بولىدۇ.

توغرا بولغان ئاتا ـ ئانىلىق پوزىتسىيەسى ـ بالىنىڭ ھېسسىي ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توسالغۇ بولۇش ياكى بالىسى بىلەن تىركىشىش ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىغا كۆرە ئىلگىرىلىشىگە ياردەم قىلىش ۋە روھىي جەھەتتىكى ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھەمدەم بولۇشتۇر .

ئەگەر بالا جاھىللىق دەپ قارالغان بىر قىلىقنى نامايەن قىلسا، ئاتا ـ ئانا: « مەن بالامنىڭ قايسى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا توسالغۇ بولغاندىمەن؟ » دەپ ئۆزىدىن سوراپ بېقىشى لازىم.

## 6. بالىنىڭ سالماقلىقىنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنىڭغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ ياخشىلىقتۇر

روھى قۇرۇلما جەھەتتىن ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بىيولوگىيەلىك رىتىمىنىڭ نورمال تەرتىپ ئىچىدە ۋە ساغلام بولغانلىقىدۇر.

كائىناتنىڭ ئۆزىگە خاس رىتىمى بار.

بۇ رىتىمغا ئۇيغۇن ياشىغان كىشى كۈندىلىك تۇرمۇشقا ماسلىشالايدۇ.

بالا دۇنياغا كەلگەندە بۇ رىتىمغا ماسلاشقان ھالەتتە تۇغۇلىدۇ.

ئەسلىدە تەمكىن، سالماق كېلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا قاراپ ئۆزىدىكى بۇزۇلغان بىيولوگىيەلىك رىتىمنى تۈزىتىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىدىكى بۇزۇلغان رىتىمنى بالىغا ئۆگەتمەكچى بولىدۇ.

بىيولوگىيەلىك رىتىمنى تىزلىتىش بالىغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ ھەقسىزلىقتىن بىرسىدۇر.

ئاتا ـ ئانا بولۇش، ئەسلىدە پەرزەنت بىلەن بىرلىكتە بىيولوگىيەلىك رىتىمگە قايتىش ئۈچۈن بېرىلگەن تېپىلغۇسىز پۇرسەتتۇر.

بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنالىغان كىشىلەردە ئېغىر ـ بېسىقلىق، تەمكىنلىك ھاسىل بولىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئېغىر ـ بېسىق ھالىغا قايتىشى ئۈچۈن ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، بالىغا ئۆزىنىڭ بۇزۇلغان رىتىمنى تېڭىشى ئەڭ چوڭ ھەقسىزلىقتۇر.

## 7. بالىلىقتا قانغىچە يىغلىشقا يول قويۇلمىغان كىشىلەر چوڭ بولغاندا قانغىچە كۈلەلمەيدۇ

يىغلاش ئىنسانىنى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ ئەڭ "چوڭقۇر قاتلاملىرى " بىلەن تونۇشتۇرىدۇ.

ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسلىرىغا چۆكەلەيدىغان بولۇش ـ ـ ـ بالىلىقتا ئەركىن ھالدا يىغلىيالىغان بىر ئىنساننىڭ يېتىلدۈرگەن ئىقتىدارىدۇر.

كۈلەلمەسلىك ئىنساننىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىنى " تارايتىدۇ."

بالىلىق مەزگىل ھېس ـ تۇيغۇلار چوڭقۇرلاشقان ۋە ئېچىلغان مۇھىم يىللاردۇر.

بالا يىقىلىپ چۈشكەندە يىغلىسۇن، بىرەر ھەدىيە ئالغاندا خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ ئۆينى بېشىغا كەيسۇنكى، يېتىلگەن مەزگىلىدىكى ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئۈچۈن ئۇل سېلىنسۇن.

چوڭلاردىن بەزىلەر ئۆزىنىڭ پۈخادىن چىققۇدەك يىغلىيالمايدىغانلىقى ياكى كۈلەلمەيدىغانلىقىدىن شىكايەت قىلىشىدۇ...

بۇلارنىڭ بالىلىق مەزگىلىدە ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئەركىن ئىپادىلىشىگە يول قويۇلمىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بالا ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشتە ئەركىن، ئىش ـ ھەركەتلىرىدە تەرتىپلىك بولغانسېرى تۇرمۇشتا ئۇتۇق قازىنىدۇ.

## 8. ئائىلىنىڭ پۈتۈنلىكىگە زىيان يەتكۈزۈۋاتقان ئۈچ ئامىل : ئەقلىيفۇن، تېلېۋىزور ۋە ئائىلە تاپشۇرۇقلىرى.

گەرچە پەن ـ تېخنىكا ئىنسانلار تۇرمۇشىغا قولايلىق ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانىنى ئائىلىدىن يىراقلاشتۇرىۋاتقانلىقى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان رېئاللىقتۇر...

ئەقلىيغۇنلار ئارقىلىق ھەر ۋاقىت يېڭى ئۆچۈرلارغا دىققەت قىلىش...

ئاممىۋى تاراتقۇلار ئارقىلىق نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن دەل ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇش...

ئۆچۈر يېزىش، كەلگەن جاۋابلارنى ئوقۇش...

بەزىدە بىر ـ ئىككى ئويۇق بىلەن ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش ...

ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر دائىم قولىڭىزدا كۆتۈرۈۋالغان يانفۇنىڭىز ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلماقتا. يانفون ئىنسانلارنى ئىچىدىكى دۇنياغا مەھكۇم قىلىپ قويۇۋاتىدۇ، لېكىن ئىنسانلار بۇنى ھېس قىلالمايۋاتىدۇ...

ھالبۇكى، ئىنسان يانفون ئىچىدىكى مەۋھۇم دۇنيادا ياشىغانسېرى ئائىلىسىنىڭ سىرتىدا قالىدۇ.

تېلېۋىزورلار ...

ئەڭ ئېسىل تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە فىلملەر بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان تېلېۋىزورلار ... چىن بولمىغان بىر ھاياتنى رېئاللىق دەپ قىزىقىش ئىچىدە «ئەمدى نېمە بولار؟» ھېسسى بىلەن داۋامغا قىزىقۋاتقان كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ بالىسىنىڭ ھېسسىي يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىشتە قىينىلىۋاتقانلىقىمۇ ئاچچىق ھەقىقەتتۇر.

بۇلاردىن باشقا، بالىسى بىلەن ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تاپشۇرۇق، دەرس ۋەياكى ئىمتىھانلارنىڭ تورتكىسىدە ساقلاپ قېلىۋاتقان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئائىلە پۇتۇنلۇكىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ تەس.

بىر ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىغا قالدۇرىدىغان ئەڭ قىممەتلىك مىراسى، بىرلىكتە ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىشتۇر.

## 9. خارلىق تۇيغۇسى ھۆرمەت قىلىنماسلىق ھېسسىنىڭ نامايەندىسىدۇر

بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنى خار ھېس قىلىشى ئۈچۈن چوقۇم كەمسىتىدىغان مۇئامىلىگە ئۇچرىشى شەرت ئەمەس. كىشىگە ئېتىبارسىز ئىنكاسلارنى ھېس قىلدۇرۇش ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى خورلۇق ئىچىدە ھېس قىلىشىغا يېتىپ ئاشىدۇ.

كىشىلەر ئارىسىدىكى باراۋەرلىكنى يوقىتىدىغان، بىراۋنى يەنە بىر كىشىدىن ئۈستۈن ياكى ئالاھىدە قىلىپ كۆرسىتىدىغان ھەر تۈرلۈك سۆز ، قاش ـ كۆز ھەرىكىتى، ئىما ـ ئىشارەت ئۇ كىشىدە كەمسىتىلىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلغاندەك، تاللىنىشنى تەمە قىلىپ تۇرغانلاردىمۇ خارلىق ھېسسى پەيدا قىلىدۇ...

خارلىق تۇيغۇسى، بالىلارنى ئىجتىمائىي جەھەتتىن بىكىنمە ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ، ھېسسىي يېتىلىشىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بىر بالا ئېرىشەلەيدىغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسە، ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدىغان ئاتا ـ ئانىدۇر.

## 10. كەمسىتىلگەن بالىلار خارلانغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، خار ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئازاپلىنىدۇ

بالىلار زېھنى جەھەتتىن تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكتىن زېھىن دۇنياسىدا ئۆزىنى قوغدىيالمايدۇ.

بالىلار ئۆزلىرى ھەققىدە سۆزلەرنى، قىلىنغان ئىنكاسلارنى ھەقىقەت دەپ قوبۇل قىلىدۇ.

ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممەتسىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بىر سۆز ئاڭلىغان بالا، ئۇ سۆزنىڭ ئۆزىگە دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن دىلى ئازار يەيدۇ، ئازاپلىنىدۇ.

ئاچچىققا پايلىماي « ھەقىقەتەن دۆت بىر نېمە سەن » دەپ كەمسىتىلگەن بالا، ئۆزىگە « دۆت، كالۋا » دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، « دۆت » بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىدۇ...

بەزى كىشىلەر بالىسىغا ئاچچىقىدا قىلغان سۆزلىرىنى ئەتىسى ئۇنتۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلايدۇ ... شۇنداق، بۇ چوشەنچە خاتا ئەمەس...

بالا بېشىدىن ئۆتكەننى ئۇنۇتىدۇ، ئەمما ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئۇنۇتمايدۇ...

## 11. بالا كەمسىتىلگەنسېرى ئوڭايسىزلىنىش ۋە خىجىل بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىنسانىي تۇيغۇسىنى يوقىتىپ قويىدۇ

ئوڭايسىزلىنىش ۋە خىجىل بولۇش ئىنسانىي ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئوزۇقلاندۇرۇپ تۇرىدىغان ۋە ئىزچىللىققا ئىگە قىلىدىغان ئىككى خىل تۇيغۇدۇر.

خىجىل بولۇش ـ كىشىنىڭ شەخسىي تەرەپلىرى، ئەيىبى، كەمچىلىكى ۋە خاتاسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشى بىلەن پەيدا بولىدىغان تۇيغۇدۇر.

ھەر ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس ھېس تۇيغۇسى ۋە كۆز قارىشى بولىدۇ...

كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەپلىرىگە باشقىلارنىڭ قول تېقىشى، ئاختۇرۇشى ئۇنىڭدا خىجالەت تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ...

داۋاملىق خىجالەتچىلىكتە قالدۇرۇلغان كىشىلەر نومۇس قىلىش ھېسسىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

ئوڭايسىزلىنىش بولسا كىشىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشۈرىدىغان ئىشلار ياكى ھەددىدىن زىيادە ماختاشلار سەۋەبلىك پەيدا بولىدۇ.

ھەددىدىن زىيادە ماختالغان باللار ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۆزگىرىشچانلىقىنى قويىدۇ ... ھەددىدىن زىيادە چۇشۇرۇلگەن باللارمۇ ھەم شۇنداق ...

باللار تۇغۇلۇشىدىنلا بار بولغان ئۆزگىرىشچانلىقى، خىجىل بولۇش تۇيغۇلىرى ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمىغان مۇددەتچە ئىنساننىڭ تۇرمۇشىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

خىجىل بولۇش ۋە ئۆزگىرىشچانلىقى تۇيغۇلىرى تەسىرگە ئۇچرىغان باللاردا يا بىپەرۋالىق ۋە ياكى ساختا كىشىلىك ئۆزلىشىدۇ.

## 12. بالا ئانىسىنى ياخشى كۆرمەيدىغان دادىنى پەقەت قورققانلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىدۇ .

باللارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى كىچىك ۋاقتىدا ئانىسىنىڭ تۇيغۇلىرى بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئانا قايسى خىل تۇيغۇدا بولسا، بالىمۇ شۇ تۇيغۇدا بولىدۇ.

ئەگەر ئانا ئەر تەرىپىدىن ئازار يېسە، ئانا بىلەن تۇيغۇداش بولغان بالىمۇ ئازاب ھېس قىلىدۇ...

ئانىغا ئازار بەرگەن دادا، گەرچە بالىسىغا ئامراق بولسىمۇ، بالا دادىسى بىلەن « خاتىرجەملىك » ئىچىدە مۇناسىۋەت ئورنىتالمايدۇ.

گەرچە بۇ خىلدىكى باللار دادىسىغا مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ خىل مۇھەببەت ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرغۈپ چىققان بولماستىن، قورقۇ سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن مۇھەببەتتۇر.

باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ھەققىي تۇردە ياخشى كۆرۈشى، ئاتا ـ ئانىنىڭ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

## 13. باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئۆگىنىپ قىلىشى ئۇلارغا قانماسلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

بىقىنىۋېلىش ـ ـ ھېسسىي يوقسۇللۇقنى قامداش تىرىشچانلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بالا ھېسسىي جەھەتتىن ئۆزىنى تاشلىۋېتىلگەندەك ھېس قىلغانسېرى، بۇ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىغا تېخىمۇ يېپىشىدۇ.

ھېسسىي يوقسۇللۇق ئېغىرلاشقانسېرى، بىقىنىۋېلىش شۇنچە كۈچىيىپ كېتىدۇ.

كۆڭۈل بۆلۈنگەن باللارغا قارىغاندا پەرۋا قىلىنمىغان باللاردا بىقىنىش تۈيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ.

چۈنكى قېنىپ تويغان ئايرىلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار يۆلىنىۋالىدىغان بالام بولمىسۇن دېسە، ئۇنىداقتا پەرزەنتى بىلەن « ئۇنۇملۇك ۋاقىت » ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بالىنىڭ ھېسسىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشلىرى كېرەك.

بالىنىڭ ھېسسىي ئېھتىياجلىرى « ۋاقتىدا » ۋە « يەتكۈچە » قاندۇرۇلغانسېرى، بىقىنىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمۇ ئازىيىدۇ...

## 14. بىقىنىش مۇناسىۋىتىدە بىقىندۇرغۇچى بىقىنغۇچىدىن بەكرەك يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ.

بىقىنىش مۇناسىۋىتىدە بىقىنغۇچى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ .

مېھرى ـ مۇھەببەت بىر ئېھتىياجتۇر. بۇ ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىغان بالا قانغۇدەك مېھرى ـ مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغان ئادەمدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ.

قورقۇ ـ ئىنساننى بىئارام قىلىدۇ... قورققان كىشى بىلەن بىرلىكتە

ياشاشقا مەجبۇر بولۇش، كىشىنى ئۆزى قورقىدىغان كىشىنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تېخىمۇ بېقىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

بېقىنىۋېلىش ـ ھېسسىي ئېھتىياجلىرى قاندۇرۇلغاندا ساداقەتكە ئايلىنىدۇ.

بېقىندۇرۇشتىن خۇشاللىنىشمۇ بېقىندىلىقتۇر ... بىراۋ ئۆزىگە سادىق بولغانسېرى كىشى ئۆزىنى تېخىمۇ ئەتىۋارلىق ھېس قىلىدۇ.

بېقىندى بولۇپ قالغان كىشى ئېھتىياجلىرى قاندۇرۇلغاندا نورمال ھاياتقا قايتالايدۇ. لېكىن بېقىندۇرغۇچى بولۇش سەۋەبلىك ئەتىۋارلىنىشقا ئېرىشكەن ۋە بۇ تۇيغۇغا كۆنۈپ قالغان كىشى، باشقىلار ئۆزىگە بېقىنماس بولۇپ قالغاندا ئۆزىنى قەدرى ـ قىممىتى يوقتەك ھېس قىلىدۇ

بۇ خىل كىشىلەر باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەنلىك تۇيغۇسىنى باشتىن كەچۈرمەسلىك ئۈچۈن، بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ داۋام قىلىشىنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلىدۇ...

بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا ئازار بېرىشى، ئۇلارنى ئەيىپلىشى، قەدرىسىز ھېس قىلدۇرۇپ روھىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرۇشىنىڭ سەۋەبى ئەسلىدە بالىلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئايرىلىپ كەتمەسلىك ( سۆزىدىن چىقماسلىق )، ئۆزىگە بېقىنىش مۇناسىۋىتىنى داۋام قىلدۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈندۇر. لېكىن ئاتا ـ ئانىلار بۇ تەرىپىنى ئۆزى سەزمەيدۇ...

## 15. بالىنىڭ جىمغۇر بولۇپ كېتىشىنى چوڭلار « ئەقىللىق، گەپ ئاڭلايدىغانلىقى » دەپ ئويلاپ قالماسلىقى كېرەك .

كۆپ سانلىق ئاتا ـ ئانىلار « ئەقىللىق، گەپ ئاڭلايدىغان » باللارنى ياخشى كۆرىدۇ ...

جىمغۇر، بار ـ يوقلۇقى بىلىنمەيدىغان باللار، جامائەت ئىچىدە « باركاللا، نېمە دېگەن ئەقىللىك، گەپ ئاڭلايدىغان بالا » دەپ ئالقىشلىنىدۇ.

ھالبۇكى، باللارنىڭ ھەددىدىن زىيادە جىمغۇر بولۇشى فىترىتىگە زىتتۇر ...

بالىلىق دەۋرى باللارنىڭ ئەڭ شوخ مەزگىلى بولۇپ، بالىنىڭ شوخلۇقتىن يۈگۈرەيدىغان، ھاياجانلىنىدىغان، قىزىقىش ئىچىدە ئۇيۇڭ ـ سولغا چاپىدىغان يىللىرىدۇر. بالا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ قويۇپ جىمغۇرلىشىپ كەتكەن بولسا، بۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تەقدىرلەشكە ئەمەس، بەلكى دىققەت قىلىش زۆرۈر بولغان ئەھۋالدۇر.

بالا ھېسسى ئېھتىياجلىرىنى ئاتا ـ ئانىسىدىن قاندۇرالمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ۋاقىتتا ئىچىگە بېكىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ياشاشقا باشلايدۇ. بۇ خىل باللار قارىماققا ئېغىر ـ بېسىق، غەمسىز كۆرۈنگەن بىلەن ئىچكى دۇنياسىدا غېرىپ ھالدا ياشايدۇ...

باللار ئۆزلىرىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنىڭ جاۋابسىز قالدۇرۇلغانلىقىنى ئىتتىك ھېس قىلالايدۇ.

بالىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ھارغىنلىقىنىڭ ئىپادىسى بولغان جىمغۇرلۇق ھالىتىدىن باشقا ۋاقىتلاردا شوخلۇق قىلىشى، ھەرنەرسىگە قىزىقىش تۇيغۇسىدا بولۇشى كېرەك بولغان بالىنىڭ، بۇ دەۋرىدە ھەددىدىن زىيادە جىمغۇر بولۇپ كېتىشى ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئەھۋالدۇر.

## 16. ھەربىر بالا ئەتىۋارلىقتۇر

ھەر بالىنىڭ يېشى، ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچى، مىجەز ـ خاراكتېرىگە ئاساسەن ئۆزىگە خاس ھېسسىي قۇرۇلمىسى ۋە پەرقلىق ئېھتىياجلىرى بولىدۇ.

ئاكا ـ ئۇكا ياكى ھەدە ـ سىڭىلدىن بىرسىگە بىرەر سوۋغات ئېلىنغاندا، قېرىنداشلىرىغمۇ، ھەتتا قوشكېزەك بولغان تەقدىردىمۇ ئوخشاش سوۋغىدىن ئېلىش توغرا بولماسلىقى مۇمكىن .

چۈنكى ھەر بالا ئەتىۋارلىقتۇر ۋە ئەتىۋار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ .

ھەرقانداق بالىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسى، ھەتتا قېرىنداش بولغان تەقدىردىمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ.

بالا، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆزىنىڭ تۇيغۇسىنى پەرق قىلىشىنى، تۇيغۇسىغا قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇشىنى تەمە قىلىدۇ، باشقىلار بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىشنى خالىمايدۇ .

باللار ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلماسلىق ئۈچۈن ھەر بالىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، ئاتا ـ ئانىلارنى باللىرىنى چۈشەنمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ . . .

باللارغا باباراۋەر ئەمەس، بەلكى ئادىل مۇئامىلە قىلىش لازىم.

ئادىل مۇئامىلە قىلىش ـ ھەر بالىنىڭ مىجەز خاراكتېرىگە ئۇيغۇن شەكىلدە مۇئامىلە قىلىش دېگەنلىكتۇر.

## 17. ئاتا ـ ئانا بولۇشنىڭ ئۆلچىمى باللار ئارىسىدا باباراۋەر بولۇش ئەمەس، ئادىل بولۇشتۇر.

باللارغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇش ئاتا ـ ئانىلار سادىر قىلىۋاتقان خاتالىقتۇر.

ئاتا ـ ئانا بولۇشتىكى ئاساسىي پرىنسىپ بالىلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش ئەمەس، بەلكى ھەر بالىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان شەكىلدە مۇئامىلە قىلىشتۇر.

مانا بۇ ئادالەتتۇر.

باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇش يۈزەكى مۇئامىلە قىلغانلىق بولۇپ، ئادىل بولۇش ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتۇر.

ھېسسىياتچان بالىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈنۈش ئېھتىياجى بىلەن، پائالىيەتچان بىر بالىنىڭ ھېسسىي يېقىنلىق ئېھتىياجى بىر ـ بىرىدىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ ... بۇ پەرقنى نەزەرگە ئالماستىن، بالىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش ئۇلاردىن بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈنمەي قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن...

ئادىل مۇئامىلە قىلىش ـ ھەر بىر بالىنىڭ خاسلىقىنى كۆزدەپ تۇتۇپ، ئېھتىياجلىرىغا قارىتا مۇئامىلە قوللىنىش دېگەنلىكتۇر.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلار ئارىسىدا باراۋەر بولۇشقا تىرىششى بالىلاردا نارازىلىق ۋە ھەسەتخورلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## 18. مۈكەممەل بالا يوقتۇر، ئۆزىدىكى « مەن » بولۇپ ياشىشىغا رۇخسەت قىلىنغان بەختلىك بالا باردۇر.

ئاتا ـ ئانىلار ئادەتتە كۆڭلىدىكى ياراملىق بالىغا ئېرىشىش نىيىتىدە بالىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا كىرىشىدۇ .

بۇ لاياقەتكە توشىدىغان يارامىلىق بالا كۆپىنچە كىتابلاردىن، فىلىملەردىن، ئېلانلاردىن ۋە ئەتراپتا ئېقىپ يۈرگەن ھېكايىلەردىن ئېلىنغان پارچىلاردىن شەكىللىنىدۇ.

باشقا بالىلارغا ھەۋەسلىنىپ، بالىسىنىڭمۇ ئۇ بالىغا ئوخشاش بولۇشىنى

تەمە قىلىش بالىغا ئۇۋال قىلغانلىقتۇر.

ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىغا بىرىدىغان ئەڭ ئېسىل سوۋغىتى، بالىنىڭ ئۆزىدىكى « مەن » بولۇشى ئۈچۈن بىرىلگەن ئەركىنلىكتۇر.

چۈنكى پەقەت ئۆزىدىكى « مەن » بولۇش بالىلارنىڭ ئەڭ چوڭ خوشاللىقىدۇر.

بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنى مۇكەممەل قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكىنىدە ئۇنى قانچىلىك بىئارام قىلغانلىقىنى، بالىنىڭ ئىچىدىكى « ئۆزى » بولۇشىغا پۇرسەتمۇ بەرمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ.

مۇكەممەللىك قوغلىشىش، ئاتا ـ ئانىلاردىكى خاتا چۈشەنچىدۇر.

## 19. ھەرىكەتچان بالا يېتىلىۋاتقان بالىدۇر

ھەرىكەتچان بولۇش، بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئېھتىياجىدۇر.

ھەرىكەتچانلىق جىسمانىي، زېھنىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسىدۇر.

ھەرىكەتچان باللار زېھنىي جەھەتتىن كۈچلۈك كېلىدۇ ... چۈنكى ھەرىكەت قان ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرىدۇ ... قان مېڭىنىڭ ئوزۇقلۇق مەنبەسىدۇر...

بالا قانچە كۆپ ھەرىكەت قىلىپ بەرسە، گالۋاڭ بولۇپ قېلىشتىن خالىي بولىدۇ.

جىسمانىي جەھەتتىكى پىشىپ يېتىلىش ھەرىكەتچان بولۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ... بالىنىڭ بەدىنىدىكى ئورگانلارنىڭ بىردەكلىك ئىچىدە بولۇشى، پەقەت ئەركىن ھەرىكەت قىلالىغاندىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ...

باللىنىڭ ھەرىكەتچان بولۇشى تۇسۇشقا تېگىشلىك ئەمەس، ئەكسىچە مۇۋاپىق شارائىت ھازىرلاپ رىغبەتلەندۈرۈش زۆرۈر بولغان ئەھۋالدۇر .

## 20. مەسئۇلىيەت تەربىيەسى ئىش ـ ھەرىكەت تەربىيەسىنىڭ ئالدىنقى شەرتى

ئىنساننىڭ ھەر قانداق ئىش ـ ھەرىكىتى ھېس ـ تۇيغۇنى مەنبە قىلغان بولىدۇ...

ئىش ھەرىكەت ـ ھېس ـ تۇيغۇنىڭ نامايەندىسىدۇر.مەلۇم ئىش ھەرىكەتكە قانداق بىر ھېس تۇيغۇنىڭ سەۋەبچى بولۇۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالماستىن ، ئىش ھەرىكەتتىكى خاتالىقنى تۈزىتىشكە كىرىشىش پېداگوكىلىق خاتالىقتۇر .

يالغان گەپ قىلغان بالىنى بىسىم ياكى مەجبۇرلاش بىلەن يالغان ئېيتىشتىن ۋاز كەچكۈزۈشكە ئۇرۇنۇش ـ ئۇ بالىغا سەممىي بولۇشنى ئۆگەتكەنلىك بولمايدۇ...

بالا پەقەت ھېس ـ تۇيغۇلىرىدا ئىجابىي تەسىرگە ئىگە بولسا،ئىش ھەرىكەتلىرىمۇ ئوڭلۇق بولىدۇ...

تۇيغۇلىرىنىڭ ئاكتىپ بولۇشى ، باللىنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىك ھېس قىلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ...

بالىدا كۆرۈلگەن ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ بىر قىسمى قەدىرلىنىش ھېسسىنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

باللاردا كۆرۈلگەن سەلبىي ئىش ـ ھەرىكەتلەر، پەقەت ئۇلارغا قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئاندىن ئۆزگەرتىلىدۇ...

بىسىم ۋە مەجبۇرلاش بالىدا قەدىرسىزلىك ھېسسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپلا

قالماستىن، سەلبىي ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىمۇ كۆپەيتىۋېتىدۇ.

## 21.ماختىنىش تەمەسىدە بولمىغان بالا روھىي جەھەتتىن ساغلام بالىدۇر

ئاتا ـ ئانىلار بالىسىغا سىڭدۈرەلەيدىغان ئەڭ ئالىي خىسلەت ـ تەمەسىز بولۇشتۇر.

تەمە قىلىش ـ كىشىلىك خاراكتېر يېتىلدۈرۈشنىڭ ئالدىدىكى توسالغۇدۇر

مەنىۋىيىتى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇلىرىدىن بىرى « ئېتىراپ قىلىنىش » ۋە « ئىناۋەت » تەمەسىدۇر.

ھالبۇكى، ئىنسان باشقىلار ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن قەدىرلىك ئەمەس.

ئىنسان ئەزەلدىن قەدىرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قەدىرلىكتۇر.

تەمەخورلۇق ئىنساننى ھارغۇزۇۋېتىدۇ. ناۋادا تەمە قىلغاندەك جاۋابقا ئېرىشەلمىسە، ئۈمىدى يوققا چىقىدۇ، خىياللىرى سۇغا چېلىشىدۇ.

بالىلارنىڭ قەدىر ـ قىممەت تەمەسىدە بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قەدىرسىز ھېس قىلىۋاتقانلىقىنىڭ بىشارىتىدۇر.

ئۆزىنى قەدىر قىممىتى بار دەپ ھېس قىلغان بالا باشقىلارنىڭ قەدىرلىشىگە موھتاج بولمايدۇ... ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى داۋاملىق ماختاش ۋە كۆڭلىنى ياساپ مېھىر ـ شەپقەت كۆرسىتىشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشى كۆپايىدۇر.

قەدىرلىنىش ھېسسى ـ بالا گەپ قىلغاندا « زەن سېلىپ ئاڭلاش »، ئۇنىڭ بويى بىلەن تەڭ ھالەتتە تۇرۇپ « كۆز كۆزگە قارىغان » ھالەتتە مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئۇنى باغرىغا بېسىش ۋە مەسىلىلەرنى پاراڭلاشقاچ ھەل قىلىش ... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 22. بالا ئىنساننى ياخشى قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ.

ئىنساننىڭ ئەڭ نېگىزلىك ئېھتىياجى خاتىرجەملىك تۇيغۇسىدۇر...

ئىنسان ئۆزىنى بەختەر ھېس قىلغانسېرى كۆڭلى كۆكسى كېڭىيىدۇ ... ئىچىدىكى « مەن » بولالايدۇ.

ئىنسان ئۆزىنى بەختەر ھېس قىلدۇرىدىغان كىشى بىلەن ھېسسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ...

مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىنساننىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئېھتىياجىدۇر...

كىشى مۇناسىۋەت ئورناتقانسېرى ئۆزىنى خۇشاللىق ئىچىدە ھېس قىلىدۇ. ئۆزى بىلەن ھېسسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان يېقىن ئادىمى بولمىغاندا بىئارام بولىدۇ ... كەيپىياتى ناچارلىشىدۇ.

گەرچە چوڭلارنىڭ ئۆزئارا ئىشىنىشى ۋە مۇناسىۋەت ئورنىتىشى قىيىن بولسىمۇ، لېكىن بالىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ناھايىتى ئاسان ...

چوڭلارنىڭ بالىغا بۇيرۇقۋازلىق قىلىشىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا باشلىشى، ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ياخشىلاردىن بولۇش جەريانىنى باشلىغانلىقىدۇر...

بالىنىڭ كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرۈشى، ئۆزگە جەلپ قىلىشى، چوڭلارنىڭ بىر زامانلار ئۇنتۇپ كەتكەن ئىچىدىكى تۇيغۇلىرىنى قايتىدىن ئويغىتىدۇ، بەلكىم .

شۇنداق قىلىپ چوڭلار ئەسلىدە ئۆزى ئۇزۇندىن بېرى ئۇنتۇتقان تەبىئىي مېھرى ـ مۇھەببەت، سەمىمىيەت، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى بالىسى ئارقىلىق قايتىدىن تاپىدۇ.

بالا ئىنسان ئۈچۈن بەختەر پورتقا ئوخشايدۇ. ھەر كىشىنىڭ بالىلارغا خاس بىر دۇنياغا ئېھتىياجى بار.

## 23. بالا پەقەت « ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنى قەدىرلەشنى » ئەمەس، باشقا نەرسىلەرنىمۇ قەدىرلەشنى ئۆگىنىشى كېرەك

قەدىرلەش ھېسسى، ئاتا ـ ئانا بالىسىغا سىڭدۈرەلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ھېس ـ تۇيغۇدۇر.

قەدىرلەش ھېسسىغا ئىگە باللار باشقىلارنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىدۇ.

بۇ نۇقتىدا نەزەردە تۇتۇلغان « باشقىلار » پەقەت ئىنسانلاردىنلا ئىبارەت ئەمەس.

ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە شەيئىلەرنىڭمۇ قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقاش، پەقەت قەدىر ـ قىممەت تۇيغۇسىنى بىلىدىغان كىشىلەردىلا بولىدۇ.

بالىنىڭ بىر نەرسىنى قەدىرلىشى، ئۆزىگە بولغان ھۆرمىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

بالىنىڭ پەقەتلا ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى ئەتىۋارلاپ، بۇ تۇيغۇنى باشقىلاردىن ئايىشى، نەرسىلەرگە بولغان ھۆرمىتىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، بەلكى ئىچى تارلىق، قىزغانچۇقلۇق، باشقىلار بىلەن ھەمبەھىرلىنەلمەسلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر...

بالا ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىدىن باشقا شەيئىلەرنىمۇ قەدىرلەش ۋە ئاياشنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن ھۆرمىتىچىلىك ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

## 24. بالا ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىدۇ.

بالىنىڭ بۇلغانمىغان روھى پاكلىق، ساپلىق ۋە سەممىيەتنى ياقتۇرىدۇ.

ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ زېھنىنىڭ تەكتىدە باشقا مەقسەتنىڭ بولۇشى بالىنى ئەنسىز قىلىدۇ.

بالا چوڭلارنى ھېس قىلالايدۇ ... ئۇلارنىڭ تۇيغۇلىرىنى، كۆڭلىدە يوشۇرغان تەرەپلىرىنىمۇ ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ.

چوڭلار قانچىكى تەبىئىي مۇئامىلىدە بولسا، بالا ئۆزىنى شۇنچە خاتىرجەم ھېس قىلىدۇ.

بالىغا ئىشەنچ ۋە ئەمىنلىك تۇيغۇسى بېرەلىگەن كىشى، بالىنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ مۇئامىلىسى بالا ئۈچۈن بەرىبىردۇر.

بالىلار ۋە چوڭلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بالىنى ياخشى كۆرۈشتىن بەكرەك، بالا ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە ئايلىنىش ناھايىتى مۇھىم ...

## 25. يېپىشىۋېلىش ئەركىلىگەنلىكى ئەمەس، بەلكى بالىنىڭ ياخشى كۆرۈلۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىدۇر.

بالىنىڭ ھېسسىي ئېھتىياجى جىسمانىي ئېھتىياجىدىنمۇ بەكرەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

تەمەسىز مېھرى ـ مۇھەببەتكە ئېرىشىش ۋە ئۆزىدىكى « مەن » بولۇپ ياشىشىغا پۇرسەت بېرىلىش بالا ئۈچۈن يېمەك ـ ئىچمەكتىنمۇ مۇھىمدۇر.

ھېسسىي ئېھتىياجلىرى جاۋابسىز قالدۇرۇلغان بالا بىئارام ھالەتتە بولغاچقا ، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بىنورمال بولىدۇ.

بۇ بىئارام ھالىتى كۆڭۈل بۆلۈش ۋە مېھرى ـ مۇھەببەت ئىزدەش بىلەن داۋاملىشىدۇ...

بالا چوڭلارغا يېقىنلىشىپ ئۇلارغا ئېسىلىشىنى، سۆيۈشنى، قۇچاقلاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھەرۋاقىت يانمۇيان، قۇچاقمۇقۇچاق بولۇپ ئولتۇرۇشقا تىرىشىدۇ...

بالا بۇ ھەرىكەتلىرىدىن قارىماققا ئەركىلەۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىگە « ھېسسىي يېقىنلىق » ئېھتىياجى سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ياخشى كۆرۈلۈش ئېھتىياجى، قەدىرلىنىش، مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدۇرۇش تىرىشچانلىقىدىن ئىبارەتتۇر...

بالا مېھرى ـ مۇھەببەتكە موھتاج تۇرۇپمۇ چوڭلاردىن ئۆزىنى تارتسا، ئورۇپ قېچىش، تۈكۈرۈپ قېچىش، چاچنى يۇلۇش ... دېگەندەك بىنورمال قىلىقلارنى چىقىرىشقا باشلايدۇ ... بۇ خىل بالىلار زومگەرلىك قىلىۋاتقان بولمايدۇ، بەلكى يېقىنلىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بولىدۇ.

بالا مۇشۇنداق قىلسام، ئۇلار مېنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلايدۇ.

بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا يېپىشىۋالغاندەك كۆرۈنگەن قىلىقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى، ھېسسىي يوقسۇللۇقتىن كېلىپ چىققان مېھرى ـ مۇھەببەتكە ئېرىشىش تىرىشچانلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

## 26. ئەركىلەش ـ ھەددىدىن ئارتۇق مۇھەببەتتىن كېلىپ چىققان نېمە قىلىشنى بىلەلمەسلىك ھالىتىدۇر.

ئەركىلەش يېپىشىۋېلىش بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بىر ھالەتتۇر.

چىڭ يېپىشقان بالا مەھرۇم قالغان مېھرى ـ مۇھەببەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بۇ يولنى تاللىغان بولسا، ئەركە بالا ئارتۇقچە

سۆيگۈدىن كېلىپ چىققان تېڭىرقاش ئىچىدە بولىدۇ...

ئۇمۇ تۇكۇرىدۇ، ئۇرۇپ قاچىدۇ، چېقىلىپ باقىدۇ. ئەمما مەقستى مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئەمەس، نېمە قىلىشىنى بىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق قىلىدۇ ... ئەركىلەش، ھەددىدىن ئارتۇق سۆيگۈ پەيدا قىلغان مىننەت تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان غەلىتە قىلىقلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس...

بۇ خىلدىكى باللاردا يېرىم كېچىدە تاپقىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىش، بۇ ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىسا ئاتا ـ ئانىسىنى بىئارام قىلىپ غەلۋە قىلىش ... ئۆزىنى ئۇرۇش، يىغلاپ ماي تارتىش ... دېگەندەك ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ.

ھەممە ئارزۇسى قاندۇرۇلۇپ كۆنۈپ قالغان بالا، يېڭى ئىستەكلىرى قاندۇرۇلمىغاندا، ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىدىن پايدىلىنىپ ئەتراپىدىكىلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ...

## 27. بالىغا قاتتىق قوللۇق قىلىنغانسېرى بالا تۈزۈلۈپ قالمايدۇ ، ئەكسىچە بۇزۇلىدۇ.

بالىغا قاتتىق قوللۇق قىلىنغانسېرى ، بالا ئۆزىنى قەدىرسىز ھېس قىلىشقا باشلايدۇ.

قەدىرسىزلىك ئېغىر يۈكتۇر ... بالا بۇ يۈكتىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە ئۆزىنى ئۇماق كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ...

ئۆزىنى ياخشى كۆرگۈزۈش ئۈچۈن سەكرەيدۇ، كۆپ كۈلىدۇ، يۈگۈرەيدۇ، ھايۋانلارنى دوراپ باقىدۇ. بۇ قىلىقلار ئارقىلىق ئۆزىنى ياخشى كۆرگۈزەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، خىيالىي بىر دۇنيا ئىچىدە غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ يۈرۈيدۇ...

بۇ بىر بالىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىدۇر.

چىڭ يېپىشقان باللارغا ئاچچىقلاپ قەدىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ئىغىرلىتىشىنىڭ ئورنىغا، قۇچاق ئېچىپ ئۇ موھتاج بولغان قەدىرلىنىش تۇيغۇسىنى بەخش ئېتىش تېخىمۇ ئاقىلانە تاللاشتۇر.

بالا پەقەت مۇۋاپىق ھېسسىي يېقىنلىق ئىچىدە، نورمال ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ...

## 28. بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزگە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئۇنۇتۇشى مۇمكىن، ئەمما نېمىلەرنى ھېس قىلدۇرغانلىقىنى ئۇنۇتمايدۇ

ئەسلىمىلەرنى ئەسكە سېلىۋاتقان ئامىل ئىش ـ ھەرىكەتلەر ئەمەس، بەلكى تۇيغۇلاردۇر.

باللار قۇرامىغا يەتكىنىدە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن باشتىن كەچۈرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ سەۋەبىنى پۈتۈنلەي ئەسلىيەلمەسلىكى ... ئۆزگە قايسى سۆزلەرنى نېمە ئۈچۈن ئېيتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ... لېكىن شۇ ئەسنالاردا نېمىلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى، نېمىلەرنى ھېس قىلغانلىقىنى ئۆمۈر بويى ئۇنۇتمايدۇ...

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرىغا ئېيتقان سۆزلىرى ئەمەس، بەلكى باشتىن كەچۈرگۈزگەن تۇيغۇلىرى ئۇنتۇلمايدۇ...

بۇ مەيلى كۆڭۈللۈك ياكى كۆڭۈلسىز تۇيغۇلار بولسۇن...

بالا بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقاندا نېمىلەرنى دېيىشتىن بەكرەك ،ئۇنىڭغا قايسى ئۇسلۇبتا ئېيتىلغانلىقى، نېمىلەرنى ھېس قىلدۇرغانلىقى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ...

## 29. بالىنىڭ دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىشى چوڭلارنىڭ قابىلىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

باللىقتىكى ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلەردىن بىرى دىققەتنىڭ چېچىلاڭغۇ بولۇشىدۇر.

بالىنىڭ دىققىتى ئىدراك ساھەسىگە كىرگەن ھەربىر شەيئىنى بايقاش ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر...

بۇ ئۇسۇپ يېتىلىشىنىڭ تەبىئىي پارچىسىدۇر .

بالىنىڭ قىزىقىشى ھەر نەرسىگە مەركەزلىشىشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ئۇ ھاياتنى تونۇيالايدۇ .

بولۇپمۇ دەسلەپكى يەتتە ياشتىكى قىزىقىش، بالىنىڭ بىر نەرسىلەرنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىلھام مەنبىيىدۇر.

قىزىقىش تۇيغۇسى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بالىنىڭ يېڭى - يېڭى نەرسىلەرگە قىزىقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ ...

چوڭلارنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى، بالىنىڭ قىزىقىش ئىچىدە ئۇك - سۇلغا يۈزلىنىشىنىڭ ئەكسىچە، دىققىتىنى ئۆزگە مەركەزلەشتۈرەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشىدۇر.

بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى، بالىنىڭ قىزىقىشىنى سۆزلەۋاتقان تېمىلارغا يۆتكەپ، دىققىتىنى ئۆزگە مەركەزلەشتۈرەلىشىدۇر.

دىققەت چېچىلىش باللارنىڭ ئاجىزلىقى ئەمەس، ئۇنى تىزگىنلەش چوڭلارنىڭ دائىرىسىدىكى ئىشتۇر.

## 30. بالىنىڭ ئويۇنچۇقلىرى كۆپەيگەنسېرى دىققىتى تېخىمۇ چېچىلاڭغۇلىشىدۇ .

بالىنىڭ كىشىلىكى شەيئىلەر بىلەن تونۇشقانسېرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىدارلىرىنى ئۆگەنسېرى كۈچىيىپ ماڭىدۇ.

شەيئىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، شەيئىلەر بىلەن ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى چۈشىنىپ يەتكەنسېرى، بالىنىڭ زېھنىي جەھەتتىكى يېتىلىشى تېزلىشىدۇ.

شەيئىلەرنى پەرقلىق سېزىملار بىلەن بىلىپ يەتكەنسېرى ھېسسىي يېتىلىشى تەرەققىي قىلىدۇ.

بىرلا نەرسە بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت بىللە بولغانسېرى، ئۇنىڭ بىلەن ھېسسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ ۋە بالا ئۇ نەرسىلەرنىڭ روھىغا ئېرىشىدۇ

شەيئىلەرنى كونترول قىلالىغان بالا كۈچلۈك روھقا ئىگە بولىدۇ.

شەيئىلەرنى كونترول قىلىش بىر ئېھتىياجدۇر ۋە كىشىلىكنى كۈچلەندۈرۈش بۇنى تەقەززا قىلىدۇ.

بالىغا كۆپ ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىش، ئۇنىڭ بىر نەرسە ھەققىدە چوڭقۇر چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ.

بالىنىڭ بىر نەرسىلەرنىڭ رولىنى ۋە پارچىلىرىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تونۇپ يېتىشى ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىتقا ئېھتىياجى بولىدۇ.

مانا بۇ سەۋەبتىن بالىنىڭ ئويۇنچۇقلار بىلەن بىردىن بىردىن پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىشى ۋە بىر ئويۇنچۇق بىلەن چوڭقۇر چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ پۈتۈنلىششى ئۈچۈن ،كۆپ ئويۇنچۇقلار بىلەن ئەمەس، بەلكى بالا ياخشى كۆرىدىغان بىر ئويۇنچۇق بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

داۋاملىق تۈردە يېڭى نەرسىلەر بىلەن ئۇچراشقان ۋە داۋاملىق يېڭى ئويۇنچۇقلار ئېلىپ بېرىلگەن باللار، بىر نەرسىگە چوڭقۇر چۆكۈشنىڭ ئورنىغا ھەر ۋاقىت كېيىنكىسىگە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرىدۇ. ھەربىر يېڭى دىققەت مەركىزى بالىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ چېچىلاڭغۇ قىلىۋېتىدۇ.

## 31. ھېسسىي يېتىلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى تەمەسىز بولۇشتۇر

تەبىئىي ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى شەرتسىز ياخشى كۆرىدۇ. «سەن مېنى ياخشى كۆرمىسەڭمۇ مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېيەلەيدۇ.

ھەر تۈلۈك قايغۇلاردىن يىراق، تەمەدىن خالىي ھالدا بالىلىرىغا تەبەسسۇم قىلالايدۇ.

بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ ھەرقانداق شارائىتتا داۋام قىلىدىغانلىقىنى بايقىسا، ھېسسىي يېتىلىشىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ .

بالىلار بەزىدە ئاتا ـ ئانىسىغا قېيدايدۇ ، ئۇلاردىن رەنجىپ قالىدۇ. مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى تېخى يېتىلدۈرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن توغرا بولمىغان ئۇسلۇبتا ئىنكاس قايتۇرۇپمۇ قالىدۇ.

ئەمما چوڭلار دېگەن چوڭ، بالا ئەمەس.

چوڭلار ئۆزىدىن رەنجىپ قالغان بالىغا ئاچچىقلانماسلىقى، پىشىپ يېتىلگەنلىك ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ تەقەززاسىغا قارىتا ئىش قىلىشى كېرەك.

« سەن مەندىن يامانلاپ قالساڭمۇ مەن سەندىن يامانلىمايمەن » دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغان بالا ئۆزىنى خاتىرجەم ھېس قىلىدۇ ... ۋە شەرتسىزچە سۆيۈلۈش تۈيغۇسى بىلەن ھېسسىي يېتىلىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

## 32. ئۆزىگە قۇلاق سالىدىغان ئاتا ـ ئانىنىڭ يېنىدا چوڭ بولغان بالا ھېسسىي جەھەتتىن كۈچلۈك بولىدۇ.

بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، تىرىشىدۇ، قىممەت يارىتىدۇ. ئېرىشكەنلىرىنى بالىلىرى ئۈچۈن يىغىدۇ. ئۇلارنى تېخىمۇ

ياخشى كېلەچەككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىدۇ...

ھالبۇكى، بالىغا قالدۇرۇلغان ئەڭ گۈزەل كېلەچەك بالىلىقىغا قانغان ئۆسمۈرلۈك يىللىرىدۇر...

بالا پەقەت ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىرلىكتە قانغۇچە ۋاقىت ئۆتكۈزگەندە، روھىيىتى قانائەت تاپىدۇ.

بالا ئاتا ـ ئانىسىغا موھتاج بولغان پەيتلەردە ئۇلار يېنىدا بولمىسا... پاراڭلىشىدىغان ئادەم ئىزدىگىنىدە ئۇلارنىڭ ھارغىن ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالسا... ئاتا ـ ئانىسى بىلەن پاراڭلىشىشىنىڭ ئورنىغا ئۆزى بىلەن ئۆزى مۇڭدىشىپ ئۇخلاپ قالسا... بۇ خىلدىكى باللار ھېس ـ تۇيغۇ جەھەتتىن نازۇك ۋە ئاجىز بولۇپ قالىدۇ ...

بالىنىڭ ھېسسىي قۇۋۋىتى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن « سۆيۈپەتلىك » مۇناسىۋەت قۇرغانسېرى شەكىللىنىدۇ ۋە ئۆزىنى ئىپادە قىلغانسېرى كۈچىيىپ بارىدۇ...

## 33. بالا پەقەت بىرلىكتە قارار ئېلىپ قىلغان ئىشتىن خۇشال بولىدۇ

بالا ئۈچۈن بىر پەيتنى گۈزەل قىلغان نەرسە، ئۇنى باشتىن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولۇش ئەمەس، ئەكسىچە ئىختىيارلىقى بىلەن شۇ ۋاقىتنى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈشتۇر...

بالا بىلەن قىلىدىغان بىر ئىشنى قارار قىلغاندا، بالىمۇ شۇ ئىش ھەققىدە پىكرىنى بايان قىلىش ھەققىنىڭ بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ...

قىلىشقا مەجبۇرلىنىشنى ئەمەس، قارار بېرىش باسقۇچىغا قېتىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

باشقىلار ئاپارغا يەرگە ئەمەس، ئۆزى خالىغان يەرگە بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭمۇ بىر ئۆلۈش ھەسسىسى بولغان ئىشنى قىلغىنىدا شۇ ئىشنى قىلىۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ.

كىشى ئۆزىنىڭ رازىلىقى بولمىغان قارارلارغا قارىتا نارازىلىق ئىچىدە بولىدۇ...

ئۆزىدىن رازىلىق ئېلىنمىغان قارارلاردا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ھېس قىلمايدۇ.

بالا بىلەن بىرلىكتە ياشاش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان چوڭلار، بالا بىلەن بىرلىكتە قارار بېرىشنى ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم...

## 34. ئاتا ـ ئانا بولۇش پەقەت روھى جەھەتتە « ھوزۇر » ھېس قىلغانسېرى كەيپ ئالىدىغان ئىشتۇر.

تەبىئىي ئاتا ـ ئانا بولۇش ھوزۇر ئىچىدە باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق ئىگە بولىدىغان قابىلىيەتتۇر.

ھوزۇر ئېلىش ـ ئېغىر بېسىق، تەمكىن بولۇش ۋە ئىچكى دۇنياغا چوڭقۇر چۆكۈش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان قابىلىيەتتۇر...

ئاتا ـ ئانىلار ئىچكى دۇنياسىغا قانچە چوڭقۇر چۆكەلىسە، بالىلىرى بىلەن ئىچكى دۇنيالىرىدا تېپىشالايدۇ... بالىسى بىلەن ئىچكى دۇنياسىدا ئۇچرىشالىغان ئاتا ـ ئانىلار، ئاتا ـ ئانا بولۇشنىڭ كەيپىنى سۈرىدۇ.

مانا بۇ ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ بالىلىق دەۋرىگە شاھىت بولالىغانلاردۇر.

بۇ خىلدىكى ئاتا ـ ئانىلار ئۇچۇن بالىنى بېقىش جاپالىق تۇيۇلمايدۇ ،بەلكى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ياشاش لەززەتلىك تۇيۇلىدۇ...

## 35. ئاتا ـ ئانا بولۇشنىڭ ئەڭ قىيىن تەرىپى بالىنىڭ كىچىك خاتالىقلىرىغا تەبەسسۇم قىلىپ ـ قىلالماسلىق ئىچىگە يوشۇرۇنغاندۇر

ئاتا ـ ئانا بولۇشنىڭ ئەڭ قىيىن تەرىپى نېمىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، باللار سادىر قىلغان خاتالىققا ئارىلىشىۋالماستىن، ئۇلارنى تەبەسسۇم بىلەن كۆزىتەلەيدىغان بولۇشتۇر.

بالىنىڭ توغرا ـ خاتا ھەققىدىكى چۈشەنچىسى چەكلىك بولىدۇ.

باللار پەقەت ئۆگەنگەنلىرىگە ئاساسەن ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ...

ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ تەبىئىي بىر پارچىسى بولغان خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ...

خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئەيىپ ئەمەس، بەلكى ئۇ خاتا قىلغىنىدا قانداق نەتىجىنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىغا دائىر ھەقىقىي تەجرىبىدۇر...

بۇ تەجرىبە ـ ساۋاقلاردىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان باللار خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن قورقىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ توغرىغا قانداق ئېرىشىش ھەققىدىكى ئالدىن كۆرەرلىكىمۇ چەكلىك بولىدۇ...

بالىلىق مەزگىلىدە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلار سەبىيلەرچە خاتالىقلاردۇر.

ئىنساننىڭ بۇ ئەڭ ساپ دەۋرىدىكى خاتالىقلىرىغا تەبەسسۇم قىلىش، ئۇنىڭ يولىدىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولمايدۇ، ئەكسىچە خاتالىقتىن كېيىن ئۆزىگە پۇرسەت بېرىلىشىنىڭ « قەدرىنى » ھېس قىلدۇرىدۇ...

## 36. تەربىيە ئۆيدە، يېتىلىش جەمئىيەتتە بولىدۇ

ئۆي، بالا ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئۆگىنىش ماكانىدۇر.

بالا تۇيغۇلىرىنى بايقاش، ئۆزىنى ئىپادىلەش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆگىنىدۇ. بۇ ئۆگىنىش ئۆيدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۆي، بالا ئۈچۈن كۈندىلىك ھاياتنىڭ پىراكتىكا قىلىش مەيدانىدۇر.

جەمئىيەت، ئۆگەنگەنلىرىنى تەتبىقلايدىغان سەھنىدۇر.

بالا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، ئۆيدە ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش پۇرستىگە ئېرىشىدۇ.

بالىنىڭ سىرتتىكى بارلىق پائالىيەتلىرى، ئۆيدىكى پىراكتىكىنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەينەكتۇر.

جەمئىيەت، بالىنىڭ خام تەرەپلىرى ئۆزگەرتىلىدىغان يەر ئەمەس.

سىرتتا ۋەياكى ئۆيدىن باشقا ھەرقانداق بىر جايدا بالىنى تەنقىدلەپ، تەربىيە قىلماسلىق كېرەك.

بالىنىڭ تالادىكى كەمچىللىكى ۋە قابىلىيەتسىزلىكى ئۆيدىكى تەربىيەنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

يېتەرسىزلىك سىرتتا بايقالغان تەقدىردىمۇ، بۇنىڭ تۈزىتىلىدىغان ئورنى يەنىلا ئۆيدۇر.

## 37. روھىي جەھەتتىكى تويۇنۇش، روھىي جەھەتتىن ھېس قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ

ھېس قىلىش ـ ھېس تۇيغۇلىرىنىڭ بارلىقىنى بايقاشتۇر.

بىر ئىنساننىڭ روھىي جەھەتتىن تويۇنغان ھالغا كېلىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆز روھىنى بايقىيالىشى لازىم.

تۇيغۇلىرىنى بىلىپ يېتەلمىگەن ۋە ھېس قىلالمىغانلار، ئۆزىنىڭ ھېسسىي

ئېھتىياجلىرىنى بىلەلمەيدۇ.

ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ نىداسىنى تۇيمىغان كىشى، باشقىلار بىلەن قانچىلىك ھېسسىي يېقىنلىق ھاسىل قىلىشتىن قەتئىينەزەر، ھېس قىلالماسلىقتىن كېلىپ چىققان ئېچىرقاش ئىچىدە بولىدۇ.

ياكى ئېھتىياجىدىن ئاز بېرىلگەن يېقىنچىلىقنىمۇ يېتەرلىك يېقىنلىق دەپ قارايدۇ.

ھېسسىي يېتىلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان باللار ئىچىدىكى « مەن »نى بايقاشتا قىينىلىدۇ.

ئىچىدىكى « مەن »نى چۈشىنىشتە قىينالغان باللار، ئاتا ـ ئانىلىرىنىمۇ، ھاياتنىمۇ ... چۈشەنمەيدۇ.

ئىچكى تۇيغۇلىرىنى يوقىتىپ قويۇش، بىر بالا دۇچ كېلىدىغان ئەڭ چوڭ مۇسىبەتتۇر...

## 38. پەزەنت تەربىيەسىدە باشقۇرۇش ئەمەس، يېتەكلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ

بالا نورمال روھ بىلەن دۇنياغا كېلىدۇ.

بالىنى بىنورمال دەپ ئويلاش، ئۇنىڭ كىچىكىدىن تارتىپلا تەربىيەلەش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىش كېرەك دېگەن خاتا چۈشەنچىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ھالبۇكى، ھاياتقا ئائىت تەجرىبىلىرىنىڭ بولماسلىقى باللىنىڭ بىردىنبىر كەمچىللىكىدۇر.

ئاتا ـ ئانا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىش، بالا تېخى ناتونۇش بولغان ھايات ئۈستىدە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشتۇر...

تـوغرا شەكىلدىكى يېتەكچىلىك، پەقەت ھاجىتى چۈشكەندە ياردەم قولىنى ئۇزىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بالىنىڭ تېخى ئېھتىياجى چۈشمەستىنلا سۇنۇلغان يـاردەملەر ئۇنـى ھاياتقـا تەييــارلىق قىلغۇزمايــدۇ، ئەكســىچە ئىقتىــدارلىرىنى جــارى قىلدۇرۇشــقا توسالغۇ بولىدۇ...

ئېھتىيــاجى چۈشــمىگەن ھــالەتتە قىلىنغــان يېتەكچىلىــك، يېتەكچىلىــك ئەمەس...

بىـر ئىشـنى قىلىۋاتقـان بالىغـا، شـۇ ئىشـنى قىلىـش پۇرسـتى بېرىلىشـى كېرەك... ئىشـنى بىـر باشـقا ئېلىـپ چىقالمىغـانلىقى سـەۋەبلىك ھەرۋاقـت ئىشـلىرىغا ئارىلىشـىۋېلىپ، ئۇنىڭغـا يـاردەم قىلىشـقا ئۇرۇنماسـلىق لازىـم... بــالا يــاردەمگە موھتــاج بولغىنــىدا ئۇنىڭغــا يــار ـ يــۆلەكتە بولــۇش ۋە موھتــاج بولغىنچىلىــك يــاردەم قىلىــش لازىمكــى، ئۇ قىلغــان ئىشــنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلىۋالسۇن...

بــالا تېخــى يــاردەمگە موھتــاج ئىكەنلىكىنــى ھــېس قىلماســتىنلا ئۇنىڭغــا يــاردەم قىلىــش، ئۇنىــڭ ئىقتىــدارلىرىنى بوغــۇپ قويۇشــتىن باشــقا ئىــش ئەمەس...

بالىنىــڭ جىلىتكىســىنىڭ سىرىتمىســىنى ئېتىشــىنىمۇ ســاقلىيالمىغان ئاتــا ـ ئانىنىــڭ قىلغــانلىرى يېتەكچىلىــك قىلىــش ئەمەس، بەلكــى باشقۇرۇشــتۇر. باشــقۇرۇلغان بالىلارنىــڭ ئۆســۈپ يېتىلىشــى يېتەكچىلىــك قىلىنغــان بالىلارنىڭكىدىن ئاستا بولىدۇ.

## 39. ئۆزىــدە قەدىرســىزلىك تۇيغۇســى بولغــان ئاتــا ـ ئانــىلار، بالىلىرىــدا قابىلىيەتسىزلىك ھېسسىنى پەيدا قىلىدۇ.

قەدىرســىزلىك تۇيغۇســى ئىچىــدىكى كىشــىنىڭ ئەڭ چــوڭ مەشــغۇلىيتى ، قەدىر ـ قىممەتكە ئېرىشىش تىرىشچانلىقىدۇر.

قەدىــر ـ قىممەتــكە ئىــگە بولــۇش ئارزۇســى، ئېتىبــارلىق بىــر كىشــى تەرىپىــدىن ھــۆرمەت قىلىنىش تەمەســىنى كەلتــۈرۈپ چىقارغانــدەك، بەزىــدە

باشقا كىشىنىڭ ئىناۋەتنى تۆكۈش ئارقىلىق ئۆزىنى ئېتىبارلىق ھېس قىلىشتىن ئىبارەت ئازغۇن تۇيغۇنى كۈشكۈرتىدۇ...

بۇ خىل ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنى باللىرى بىلەن سېلىشتۇرىدۇ، باللىق دەۋرىدە قانچىلىك ئۇتۇق قازانغانلىقىنى، قانچىلىك تەرتىپلىك، قانچىلىك غەيرەتلىك ۋە تىرىشچان ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ...

« مەن سەندىنمۇ ياخشى ئىدىم، سەندىنمۇ ياخشى قىلالايتتىم » دەپ تەكىتلەش گەرچە بالىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بالىدا يارامسىزلىق تۇيغۇسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ...

بالا، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن سېلىشتۇرغىدەك دەرىجىدە باراۋەر ئەمەس...

بالىسىنى قەدىرلەيدىغان ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا ئۆزىنى بالىسى بىلەن سېلىشتۇرماسلىقى ... ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ بالىغا روھى زەربە بەرمەسلىكى لازىم...

## 40. جازانىڭ يوقاتتۇرۇپ قويغانلىرى ئالدىدا، ئېلىپ كەلگەن پايدىسىنىڭ قىممىتى يوق دېيەرلىك.

بالا تەربىيەلەپ چىقىش، مۇئەييەن ئىش ـ ھەرىكەتنى ئۆزگەرتىش دېگەنلىك ئەمەس.

ئەكسىچە، بالىنىڭ ھېسسىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن سەۋىيەگە كېلىشى، تۇيغۇلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقى ۋە ئۆزىدىكى « مەن » بولۇپ چىقىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىشتۇر

دىققىتىنى پەقەت بالىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگىلا مەركەزلەشتۈرىۋالغان ئاتا ـ ئانىلار جازا ئارقىلىق نەتىجىگە ئېرىشتۇق دەپ ئويلايدۇ. ھالبۇكى، جازالانغان بالىنىڭ يىتتۈرۈپ قويغان تۇيغۇلىرى، ئىش ـ ھەرىكەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئۆزگىرىشتىن بەكرەك تىراگىدىيىلىك بولىدۇ.

مۇكاپات ياكى جازا بىلەن قىلمىشلىرىنى ئۆزگەرتىش قوللىنىشچان بىر چارىدەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. ئەمما ھەر بىر ھەرىكەتنىڭ ئۆزگىرىشى بالىنىڭ ئۇ ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ.

بالىنىڭ تۇيغۇلىرىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلماستىن ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئۆزگەرتىش، ئۇ بالىنى ئىككى يۈزلىمىچى قىلىپ قويىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە سەۋەبچى بولۇۋاتقان تۇيغۇلىرىدا ئۆزگىرىشى ھاسىل قىلىش، ئىنتايىن مۇھىم. تۇيغۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى، پەقەت بالا بىلەن باراۋەر يوسۇندا قۇرۇلغان مۇناسىۋەت ۋە بالىنىڭ ئۇ قىلمىشىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## 41. ئىزچىللاشمىغان ھەرىكەت، قوبۇل قىلىنغان ھەرىكەت بولۇپ ھېسابلانمايدۇ

مۇكاپات ياكى جازا ئارقىلىق بالىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزگەرتتۇق دەپ ئويلاپ قالغان ئاتا ـ ئانىلار ئالدىراپ خوش بولۇپ كەتمىسۇن.

بالا مۇكاپات ياكى جازا سەۋەبىدىن ئەسلىدە قوبۇل كۆرمىگەن قىلمىشنى پەقەتلا تەتبىقلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

قىلمىشنى ئۆزگەرتىشتە كىشىنىڭ قىلمىشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتقان تۇيغۇلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

ھېسسىي جەھەتتىن ئۆزگىرىش ھاسىل بولماي تۇرۇپ، پەقەتلا مۇكاپات ۋەياكى جازا بىلەن ئۆزگەرتىلگەن قىلمىشلار ئۆزلەشمەيدۇ.

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئىزچىللىشىشى، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بەكرەك مۇھىمدۇر.

بالا ھەرقانداق شارائىتتا دۇرۇس بولالمىسىمۇ، دۇرۇس بولۇشنى ئۆزلەشتۈرگەنلىكى، دۇرۇس ئىش قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالغىنىدىن كۆپ ئەۋزەل.

بەزىدە يالغان سۆزلەپ قويغان تەقدىردىمۇ، يالغان ئېيتىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشى،

يالغان سۆزلەشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلماي تۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆنىڭدىن تارتىشىدىن مۇھىم.

قىلمىشلار ،ئۆزلەشتۈرۈلگەن نىسبەتتە تەسرى كۆچكە ئىگە بولىدۇ.

## 42. تۈيغۇلىرى جازا بىلەن بېسىقتۇرۇلغان كىشىلەر يا سەپرا يا چۈشكۈن بولىدۇ

باستۇرۇلغان تۈيغۇلار ئىنساننى پەقەت مەلۇم بىر نۇقتىغىچە ئېلىپ بارالايدۇ.

باستۇرۇلغان ھېسلارنىڭ ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدا پەيدا قىلغان پارتلاش ۋە ئۇرۇشقاقلىق، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن كىشىنى سەپرا قىلىپ قويىدۇ.

ۋەياكى سىرتتا ھەل قىلالايدىغان بىرەر ئىشنىڭ يوقلىقىنى بايقىغان كىشى، ئۆز ئۆزىچە تەرسالىشىپ چۈشكۈنلىشىشكە باشلايدۇ.

تۈيغۇلىرىنى ئىپادىلەشتە توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان بالا، ئۆزىنى ئىپادە قىلىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن داۋاملىق تۈردە ھېس ـ تۈيغۇلىرىنى باستۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئىنسان ھېس ـ تۈيغۇلىرىنىڭ باستۇرۇلىشىغا مەلۇم نۇقتىغىچە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. شۇڭا بۇ تۈيغۇلار چوقۇم بىر شەكىلدە ئىپادىلىنىپ چىقىشى كېرەك.

## 43. بالىغا بېرىلىدىغان ئەڭ ئېغىر جازا ماي تارتىپ گەپ قىلماسلىقتۇر.

بىر ئىنسانغا قىلىنغان ئەڭ ئېغىر كەمسىتىش ـ كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ئۇنى يوق قاتارىدا كۆرۈشتۇر.

ماي تارتىپ دىققەتكە ئېلىنمىغان بالا، كۆزگە ئېلىنمىغانلىقى ۋە يوق ھېسابلانغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

بىر كىشىنىڭ كۆزگە ئېلىنماسلىقى ئۇنىڭ تۇيغۇلىرى، ئويلىرى، مەقسەتلىرى، تاللاشلىرى، قىسقىسى ھەر نەرسىسىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

گەرچە ماي تارتىپ قېلىش ئۈتكۈنچى بولسىمۇ، بۇ ئەھۋالدا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى ھېس قىلغان بالا ناھايىتى قىيىن بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ماي تارتىپ بالىغا گەپ قىلماسلىق، بالىنى بوشلۇقتا يالغۇز تاشلاپ قويغانلىقتۇر.

بالىنى مەنىۋى يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلىپ قالغانلىق ھېس ـ تۇيغۇسى ئىچىدە بوشلۇقتا تاشلاپ قويماڭ.

## 44. جازا ـ خاتالىقنىڭ بەدىلىنى ئۆتىگەنلىك تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ

بالا بىر قىلمىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندىلا ئاندىن ئۇ قىلمىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ.

جازا، خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ دىققىتىنى خاتالىقتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە ھېس قىلدۇرۇلغان بىئاراملىققا مەركەزلەشتۈرىدۇ.

جازاغا ئۇچرىغان كىشى نېمە قىلغانلىقى توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە نېمە ھېس قىلدۇرغانلىقى توغرىسىدا ئويلاشقا باشلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن « نېمىلا بولمىسۇن قىلغانلىرىمنىڭ بەدىلىنى تۆلىدىم » دېگەن چۈشەنچىنىڭ تەسىرىدە ئوخشاش ئىشنى يەنە قايتىدىن قىلىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ.

ھالبۇكى، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بىر قىلمىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ھەققىدە ۋىجدانىي ئويغىنىش پەيدا بولسا، ئۇ كىشى ئوخشاش قىلمىشنى قايتا سادىر قىلمايدۇ. قىلىپ سالغان تەقدىردىمۇ بىئارام بولىدۇ. ۋىجدانى ئىنتىرگۈچ كۈچ سۈپىتىدە ئۇنى توغرا ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

جازا، بالىنىڭ ئىچىدىكى ۋىجداندىن ئىبارەت تىزگىنلىگۈچنىڭ رولىنى پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. نەتىجىدە بالا ئىچكى دۇنياسىدىكى يېتەكچىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بالا قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتىپ بولغانلىقتىن، ئۇ خاتا قىلمىشقا نىسبەتەن ئىچكى دۇنياسىدا ھېچقانداق بىئاراملىق ھېسسى قالمايدۇ.

## 45. بىر كىشىنىڭ يېنىدا يەنە بىر كىشىنى ماختاش، ئەنە شۇ ماختالمىغان كىشىنى جازالىغانلىق بىلەن باراۋەردۇر

قەدىرلىنىش تۇيغۇسى بەكمۇ ئاسان زېدىلىنىدۇ.

ئىككى كىشى بىر يەردە تۇرغىنىدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرىنىڭ ماختىلىشى، ئىككىسىگە بېرىلگەن قەدىر ـ قىممەت باراۋەرلىكنى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

يېنىدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان باراۋەرلىكنى يوقىتىپ قويغان كىشى، ئۆزىنى قەدىرسىز ھېس قىلىدۇ.

بىر توپ دوستلار ئارىسىدىكى بىر بالىنىڭ ئېتىبارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش باشقا باللارنىڭ ئۆزىنى قەدىرسىز ھېس قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرىگە ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىشى،

باشقا ئوقۇغۇچىلىرىدا قەدىرسىزلىك ئازابىنى پەيدا قىلىدۇ.

## 46. ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە بەرگەن تەبىر ـ ئىنسانىنى بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىگە ئېلىپ كىرىدىغان ئامىلدۇر

ئىنسان ھاياتىنى رەڭدار قىلىش بىلەن مەناغا ئىگە قىلىدۇ.

ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە بەرگەن تەبىرگە ئاساسەن، خۇشال بولىدۇ ياكى غەم ـ قايغۇغا چۆمىدۇ .

بالىنىڭ ھاياتقا تەبىر بېرىش شەكلىنى ئائىلىسىدە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى بەلگىلەيدۇ.

ئائىلىسىدە ھەر ئىشقا يامان تەرىپىدىن قارايدىغان چۈشەنچە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان بالىنىڭ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇشى، قىيىنچىلىققا ئاسانلا بويۇن ئېگىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس.

ئانىسى ئۆمۈچۈكتىن قورقىدىغان بالىنىڭ ئۆمۈچۈكتىن قورقۇشىنى ئۆزلەشتۈرۈشىدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق .

ئاتا ـ ئانىنىڭ ھاياتقا بولغان كۆز قاراشلىرى پەقەت ئۆزلىرىنىڭلا تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى بالىسىنىڭمۇ ھاياتقا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

تۇغرا نۇقتىدىن قارىغۇچى، ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى تۇغرا چۈشىنەلەيدۇ... تۇغرا چۈشىنەلىگۈچى ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىيدۇ.

## 47. ئاتا ـ ئانا بولۇش بالىنىڭ ئىچكى يېتەكچىسىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىشنى تەقەززا قىلىدۇ .

ئىنسان ئىزچىل ھالدا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن تىرىشچانلىق

كۆرسىتىدۇ.

بالىنىڭ قىزىقىشلىرىنى بايقاش ۋە بۇ قىزىقىشىغا ئۇيغۇن ھالدا يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇنىڭ ئۇچۇن « ئەڭ ياخشى » تۇرمۇش شارائىتىنى ھازىرلاپ بېرىشتىنمۇ بەكرەك قىممەتلىكتۇر.

بالا ھەممىدىن ئەۋۋەل ئۆزىدە ھەقىقىي « مەن » بولالايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشى لازىم.

بۇ قابىلىيەتنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىش ۋە بالىنىڭ ھەقىقىي « مەن » بولۇشىغا ئىمكانىيەت بېرىش، ئاتا ـ ئانا قىلالايدىغان ئەڭ ئېسىل ئىشتۇر.

بالىغا ئىچكى تونۇشلارنى باشتىن كەچۈرگۈزمەستىن، ھەقىقىي«مەن» بولۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن ئاتا ـ ئانىلار، بالىنىڭ ئىچكىدىكى يېتەكچىسىنى ھۆرمەت قىلغان ئاتا ـ ئانىلاردۇر.

## 48. بالىنىڭ كىشىلىكىنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن، ئىچكى يېتەكچىسىنىڭ يۈزلىنىشىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم

ئىنساننىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ھاياتقا ئائىت يۆنىلىشلىرىنى بەلگىلەيدىغان ئىچكى يېتەكچىسى بولىدۇ.

بەزى بالىلار مۇزىكىغا باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن بەكرەك ئىشتىياق باغلايدۇ.

بەزى بالىلارنىڭ تەن ـ تەربىيە پائالىيەتلىرىدە ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ.

بەزى بالىلار كىچىك چېغىدىن باشلاپلا بىر ئىشلارنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتەلەيدىغان ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆيىدا بالىلىرىنىڭ قانداق ئادەم بولۇش كېرەكلىكى ھەققىدە ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغان بىر رەسىم بولىدۇ.

بۇ رەسىم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىنىڭ يېتەكچىسىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىشنى قىينىلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن.

بالىنىڭ نىشان بەلگىلىگۈچى يېتەكچىسىنىڭ يۆنىلىشلىرىگە ئىمكان يارىتىپ بەرگەن ئاتا ـ ئانىلار، بالىنىڭ كىشىلىكىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ

## 49. بالىنىڭ كىشىلىكى ئۆزىنىڭ تۈيغۇلىرىغا ھەمراھ بولغانسېرى كۈچلىنىدۇ

ئىش ـ ھەرىكەتلەر ھەقىقىي كىشىلىكىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلسا، كىشىنى گۈزەل ئەخلاقى ـ پەزىلەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ھېسلىرىغا ۋە كىشىلىككە زىت بولغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىش، ئىنساننى ئىچكى دۇنياسىدا توقۇنۇشقا سۆرەپ كىرىدۇ.

ئۆزىنىڭ كىشىلىكىنى نامايەن قىلالمىغان بالىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى توقۇنۇش، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ بىنورمال بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

بالىنىڭ كىشىلىكىنى شەكىللەندۈرۈش سەپىرىدە قىلمىشلىرىغا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنى قىلىشقا مەجبۇر ئىشلار ئارىسىغا تاشلاپ قويۇش، بالىغا بېرىلىدىغان زىياننىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ.

روھىي جەھەتتىن كۈچلۈك بالىلار يېتىشتۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئاتا ـ ئانىلار، بالىسىنىڭ ھېسلىرىنى چۈشىنىپ يېتىشى ۋە بۇ تۇيغۇلارغا ھەمراھ بولۇشى كېرەك.

## 50. بالا ئانىسىدىن كۆڭۈل بۆلۈشنى، دادىسىدىن قەتئىيلىكنى ئۆگىنىدۇ.

ئانىنىڭ، بالىنىڭ ھېسسىي دۇنياسىنى ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرۈشتىكى رولىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

رەھىمدىللىك، مەرھەمەت، سۆيگۈ، ھېسداشلىق، سوغۇققانلىق، كۆيۈمچانلىق، تەبەسسۇمچان بولۇش ۋە ئىشلارغا ئىنچىكىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئانىدىن ئۆگىنىدىغان ئالاھىدىلىكلەردۇر.

لېكىن بۇ تۇيغۇلارنى تىزگىنلىيەلمەسلىك، ئىنساننى ھايات قايىنىمىدا زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

تۇيغۇلارنى تىزگىنلەش ، دادىدىن ئۆگىنىدىغان ئارتۇقچىلىقتۇر.

دادىنىڭ ئەسلى رولى ـ بالىغا دادىل، قەتئىي، ئىرادىلىك بولۇش، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش ۋە تېز پۇكمەسلىكتىن ئىبارەت ئۈلگىنى تىكلەپ بېرىشتۇر.

بۇ ئىقتىدارلارغا ئىگە بولغان دادىلارنىڭ باللىرى، قەتئىي ئىرادىلىك بولۇشنى دادىسىدىن ئۆگەنگەن بولىدۇ.

بالىنىڭ زىيادە ھېسسىياتچان بولۇپ كېتىشى ۋەياكى ئىرادىسىنىڭ ئاجىز بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، ئاتا ـ ئانىنىڭ تەبىئىي ھالىتى بىلەن ئۈلگە بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم.

## 51. بالا موھتاج بولمىغان نەرسىلەر موھتاج ھالەتكە كەلتۈرۈلگەنسېرى بېقىنىشىلىش باشلىنىدۇ

ھەممە بالا سۆيگۈگە موھتاج، ئەمما ھېچبىر بالا ھەددىدىن زىيادە سۆيگۈگە موھتاج ئەمەس. بەك ئەتىۋارلىنىپ كۆنۈپ قالغان بالىدىن ئەتىۋارلاشنى توختىتىشقا ئۇرۇنۇش، ئىشلارنى توقۇنۇشقا سۆرەپ كىرىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجلىرىنى تەبىئىي ھالدا قاندۇرغانسېرى، بالا ساغلام ۋە نورمال ھالەتتە بولىدىغانلىقىنى

بايقايمىز. بالىنى كۆزگە قاراپ چوڭ قىلىشتىن كېلىپ چىققان تۇيغۇلار بالىغا پايدىلىق ئەمەس، بەلكى جىدەلنى كۆپەيتىۋېتىدۇ.

پېداگوگىكىدىكى ئاساسىي پرىنسىپ ، بالىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ۋاقتىدا ۋە يېتەرلىك ھالدا قاندۇرۇشتۇر.

ئېھتىياجلىرىنىڭ كىچىككىنە ياكى لازىملىقىدىن كەم ھالەتتە قاندۇرۇلۇشى، موھتاج بولۇشتىن بۇرۇن ياكى ھاجىتىدىن ئارتۇق قاندۇرۇلىشقا ئوخشاشلا بالا ئۈچۈن زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

## 52. توغرىسىنى ئېيتىپ بېرىش بىلەن بالىغا تەسىر كۆرسىتىش بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ .

دەۋرىمىزدە ئاتا ـ ئانىلار دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ مەسىلىلەردىن بىرسى بالىغا تەسىر كۆرسىتەلمەسلىكتۇر.

چۈنكى بالىغا تەسىر كۆرسىتىش، توغرىسىنى بىلىپ كۆرسىتىپ قويۇشتىن كۆپرەك نەرسىنى تەلەپ قىلىدۇ.

بالا بىلەن ئاتا ـ ئانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساغلام رىشتە ۋە ئىشەنچ تۇيغۇسى شەكىللەندۇرۇش ـ تەسىر كۆرستىشنىڭ ئاساسلىق شەرتىدۇر.

بالىسى بىلەن رىشتە ئورنىتالمىغان ئاتا ـ ئانا بالىسىغا ھەرگىزمۇ تەسىر كۆرستەلمەيدۇ.

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دېگەنلىرى توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، بالا ئۇنى زېھنىي ئىلگەكتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە تەدبىقلىمايدۇ.

بالا بىلەن ئىشەنچ ئورنىتالىغان ۋاقىتتا بالىنىڭ تۇيغۇلىرىغا ئۇلاشقىلى بولىدۇ.

بالا ئۆزىگە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېرەلىگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالىدۇ.

بالا مانا مۇشۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ تەسىرىدە ئاڭلىغانلىرىنى ھاياتىغا تەتبىقلايدۇ.

## 53. بىلەرمەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرى روھىي جەھەتتىن ئاجىز، كەمتەر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرى بولسا روھىي جەھەتتىن كۈچلۈك كېلىدۇ

بىلگەن تەقدىردىمۇ مەنمەنچىلىك قىلماسلىق كەمتەرلىك دەپ ئاتىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئادەتتە باللىرىدىن كۆپرەك نەرسە بىلگەنلىكى ئۈچۈن بالا كەمتەر ئاتا ـ ئانىغا بەكمۇ موھتاج بولىدۇ.

« مۇكەممەل » بىرسى بىلەن بىللە تۇرغان كىشى خاتالىق سادىر قىلىپ سېلىشتىن قورقىدۇ. داۋاملىق ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرىدۇ، ئۆزىنى ئېمتىھاندىكىدەك ھېس قىلىدۇ. قىلۋاتقان سۆزلىرىنىڭ بەك ئاددىي بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، غەم قىلىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرالمايدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتىنى باھالايدىغان بىرىنىڭ ئالدىدا جىم تۇرۇۋالىدۇ، ئاكتىپ بولمايدۇ، پاسسىپ ھالدا تۇرۇۋالىدۇ. بۇ باللىنى بەك كەمسىتىدىغان ئەھۋالدۇر.

ئەگەر ئاتا ـ ئانا بالىسىغا ئۆزىنىڭمۇ خاتالىق سادىر قىلىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭمۇ بىلمەيدىغان نەرسىلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇرالىسا، بالىنىڭ باراۋەرلىك ۋە ھۆرلۈك جەھەتتىكى ئىزدىنىشى جاۋابقا ئېرىشەلەيدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار بالىسى بىلەن پەقەتلا ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشى ئارقىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ قالماي، كۆندىلىك تۇرمۇشقا ئائىت مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ سۆھبەتلىشىپ تۇرۇشى كېرەك. بالا خاتالىق سادىر قىلغاندا بۇنى ئۆزىنىڭغا ھېس قىلدۇرماسلىقى، ئۆزىنىڭ ناھايىتى ياخشى بىلىدىغانلىقى تۈيغۇسىنى بىرىپ قويماسلىقى ۋە پەقەت بىر تەرەپكىلا مەركەزلىشىپ قالماستىن بالا بىلەن ھەر جەھەتتىن مۇناسىۋەت

ئۆرنىتىشى كېرەك.

بالىسىنىڭ روھىي جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ قېشىدا كەمتەر بولۇشى لازىم.

## 54. ئاتا ـ ئانىلارنى بالىغا قاتتىق قول بولۇشقا ئىتتىرىۋاتقان ئامىل « چىشىمنىڭ ئېقىنى كۆرسەتسەم، بوينۇمغا مىنىدۇ » دېگەندىن ئىبارەت خاتا چۈشەنچىدۇر.

ئاتا ـ ئانىسى بىلەن رىشتە باغلىغان بالا ئەركە ئەمەس، بەلكى روھىي جەھەتتىن تويۇنغان بالىدۇر...

روھىي جەھەتتىن تويۇنغان بالا نورمال، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ ۋە ئىشەنچلىك كىشى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

كىمكى سۆيگۈدىن مەھرۇم قالىدىكەن، ئۇ ئۆزىنى خۇشال ھېس قىلالمايلا قالماستىن، بىنورمال ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

كۆپىنچە ئاتا ـ ئانىلار « قانداق تەربىيەلەنگەن بالا بۇ؟ » دېگەن تەنقىدنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن، بۇيرۇقۋاز ئاتا ـ ئانا بولۇشنى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى دەپ قارايدۇ.

ھالبۇكى، بالا دېگەن يەنىلا بالىدۇر...

ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرەيدۇ، يىقىلىدۇ، يىغلايدۇ، بەزىدە كەپسىزلىك قىلىدۇ، بەزىدە ئۆزىنى سورايدۇ...

ھەددىدىن زىيادە كۆزىگە قاراش، بالىنى ئەركە قىلىپ قويىدۇ.

خاتالىق سادىر قىلىپ ، دەل مېھرى ـ شەپقەتكە موھتاج بولۇپ ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتقىنىدا ،بالىغا قوپال مۇئامىلە قىلىش،

ئۇنىڭ ئەركە بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالمايدۇ، ئەكسىچە دىلىنىڭ ئازار يېيىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

خاتالىق سادىر قىلغان ۋاقىتتا قوپال مۇئامىلىگە ئۇچرىغان بالا، خاتالىقنى تونۇپ يېتىپ ئۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆتكۈزگەن خاتالىقى بىر ياقتا قېلىپ دىققىتىنى ئازار يېگەن تۇيغۇسىغا مەركەزلەشتۈرىدۇ.

قوپاللىق ئەركە بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان چارە بولمايلا قالماستىن، بالىنى رەنجىتىش ۋە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان رىشتىنى زېدىلەشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدۇ

## 55. پەرزەنت باشقىلار ئۈچۈن تەربىيىلەنمەيدۇ

بالا ھاياتنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تونۇپ يېتىدۇ.

تونۇش جەريانىدا خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ، ئۆزىچە تاپقان ئامىللار سەۋەبىدىن خاتالىق ئۇستىگە خاتالىق سادىر قىلىدۇ.

مانا بۇلارنى باشتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئادەم بولۇشى ، چوڭ بولۇشى ، پىشىپ يېتىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

چوڭنىڭ پىشىپ ـ يېتىلىش باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزى ھاسىل قىلغان تەجرىبە ـ ساۋاقلار ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ.

بالىنىڭ خاتالىقلىرى ئاتا ـ ئانىسىنى « باشقىلارنىڭ » يېنىدا تېخىمۇ ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ئۆي ئىچىدە تەبەسسۇم بىلەن قوبۇل كۆرۈلگەن باللارچە قىلىقلار، دوستلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئىچىدە سادىر بولغاندا ، ئاتا ـ ئانىنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ھالبۇكى، پەرزەنت باشقىلار ئۈچۈن تەربىيىلەنمەيدۇ.

بالىنىڭ باللارچە قىلىقلىرىدىن بىئارام بولغان جامائەت ئىچىدە بالا تەربىيەلەپ چىققىلى بولمايدۇ.

بالىنىڭ باللارچە قىلىقلىرىدىن بىئارام بولىدىغان، دىكتاتۇر كىشىلەر تۈپى ئارىسىدا ياشاش، ئاتا ـ ئانىلاردىن بۇ بىسىملارغا پەرۋا قىلماسلىقنى تەقەززا قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا بالا ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ سۆزى سەۋەبلىك ئۆز ئاتا ـ ئانىسى تەرىپىدىن ئازار يېمەيدۇ.

## 56. كۆرسەتكەن پەيداكارلىقلىرىنى دائىم تىلغا ئېلىپ تۇرىدىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى « مىننەت تۇيغۇسى » تۇپەيلىدىن روھىي جەھەتتىن ئېزىلىشكە ئۇچرايدۇ

خىجىلچانلىق كىشىنىڭ ئەڭ ئېسىل تۇيغۇلىرىدىن بىرسىدۇر.

بۇ تۇغۇلغاندىن تارتىپ بار بولغان بىر ھېستۇر.

بۇ ھېس سايىسىدا ئىنسانلار جامائەت ئىچىدە راۋا كۆرۈلمىگەن ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرىدۇ... ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ماسلىشىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

خىجىل بولۇش تۇيغۇسىنى يوقىتىپ قويغان كىشى ئاساسلىق ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتلەرنى كېرەكسىز دەپ قارايدۇ ۋە ئادەمگەرچىلىكتە « ھېسداشلىق » تۇيغۇسىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

خىجىل بولۇش تۇيغۇسىنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشى بىپەرۋالىققا سەۋەبچى بولغىنىدەك، بۇ جەھەتتە ھەددىدىن زىيادە سەزگۈر بولۇپ كېتىشمۇ كىشىنىڭ « ئۆزى » كەبى بولۇشىنىڭ ئورنىغا، باشقىلارنىڭ كۆتكىنىدەك كىشى بولۇپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن بەرگەن قۇربانلىقلىرىنى چۈشەندۈرۈپ يۈرۈشلىرى بالىنى مىننەت ئالدىدا روھىي جەھەتتىن ئېزىش بىلەن بىرگە، خىجىل بولۇش تۇيغۇسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدۇ ۋە زىيادە

سەزگۈر قىلىپ قويىدۇ.

ھېچبىر بالىنىڭ بالىلىق دەۋرىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەرگەن قۇربانلىقلىرىغا جاۋاب قايتۇرغىدەك كۈچى بولمايدۇ... بالىنىڭ بۇنداق كۈچى بولمىغانىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىپ بەرگەنلىرىنى تەكىتلەيدىغان ئاتا ـ ئانىلار بالىسىغا ئۇۋال قىلغۇاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك.

## 57. ئاتا ـ ئانىلار ئادەتتە « شەخسىيەتچى » ئەمەس، بەلكى « ئۆزۈمچىل ـ مەن مەركەزچى » پوزىتسىيەگە مايىل كېلىدۇ

شەخسىيەتچىلىك « مەن »نى... « ئۆز »نى تاللاش، يەنى ئۆزىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتۇر.

ھېچبىر ئاتا ـ ئانا بالىسى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشىدا ھەرگىزمۇ ئۆزىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇۋالمايدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار ئۆزى يېمىسە يېمەيدۇ، كەيمىسە كەيمەيدۇكى، بالىسىنى ئاچ ـ يالىڭاچ قويمايدۇ...

«شەخسىيەتچى » ئاتا ـ ئانىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىنسانغا غەلىتە تۇيۇلىدۇ .

لېكىن ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنى مەركەز قىلىۋالىدىغان مايىللىق ئىچىدە بولۇپ، ئادەتتە بۇنى ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلمايدۇ.

ئۆزۈمچىل بولۇش، كىشىنىڭ ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە ئۆزىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ باھا بېرىشىدۇر. بالىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ كۆزىتەلمەسلىك، ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ئۇنىڭ دۇنياسىنى چىقىش قىلغان ھالدا چۈشەنمەسلىكتۇر.

ئۆزۈمچىل ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆزلەپ ئۆزلىرىمۇ تۇيماستىن بالىغا زىيان يەتكۈزۈپ قويىدۇ. بالىلىرىغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا ۋاكالىتەن ئويلىنىدۇ ۋە قارار چىقىرىدۇ.

ھالبۇكى، ئاتا ـ ئانا بولۇشتىكى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت، بالىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس بىر دۇنياسى، ھېس ـ تۇيغۇسى ۋە دۇنيا قاراشلىرى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشتۇر... بالىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ھاياتىنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئاتا ـ ئانىلار، ھاياتقا ئۆزلىرىنىڭ مەيدانىدىن ئەمەس، بەلكى بالىسىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ قارايدۇ... بۇ ئەسلىدە چوڭلار ئۈچۈن بەكمۇ ھوزۇر بېرىدىغان ئەھۋالدۇر. چوڭلار بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ باللىقىدىن كەيپ ئالىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئۆزىمۇ تۈيماستىن داۋاملىق بىر تەمە ئىچىدە بالىسىنى رەنجىتىدۇ...

قار ياغقاندا دېرىزە تۈۋىدە خۇشاللىق ئىچىدە ھاياجانغا چۆمگەن بالىغا « تالا سوغۇق، توڭلاپ كېتىسەن » دەپ ھاياجىنىغا سوغۇق سۇ سەپكەن ئاتا ـ ئانا، ئۆزۈمچىل ئاتا ـ ئانىدۇر... بالىسىنىڭ ھاياجانلانغان ھالىتىنى ئىچ ـ ئىچىدىن ھېس قىلىپ، « قانداق قىلساق بولار، قارىغاندا بەك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقان ئوخشايدۇ » دەپ چارە تېپىش ئۈچۈن تىرىشقان ئاتا ـ ئانىلار، بالىغا دوست بولغان ئاتا ـ ئانىلاردۇر.

## 58. ئۆزۈمچىل ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۆزى مەھرۇم قالغان ئېھتىياجلىرىچىلىك بولىدۇ.

ئۆزۈمچىل ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىغا يۈزلىنىشىنىڭ تەكتىدە ئۆزى مەھرۇم قالغان ئامىللار ياتىدۇ.

بۇ خىلدىكى ئاتا ـ ئانىلار مۇھەببىتىنى بالا مۇھەببەتكە تەشنا بولغان ۋاقىتلىرىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى ئىچكى دۇنياسىدا « ھېسسىي جەھەتتىن تەييارلىنىپ » بولغان ۋاقىتلىرىدا ئاندىن ئىزھار قىلىدۇ.

بالىسىنى ئاساس قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۆز خاھىشلىرى بويىچە ئاتا ـ ئانىلىق قىلىدۇ.

بالا بىلەن تۇيغۇداش بولماي تۇرۇپ قۇرۇلغان ئاتا ـ ئانىلىق مۇناسىۋىتى

نۇرغۇن خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ.

ئۆزۈمچىل ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ بالىلىقىنى ئارىلاشتۇرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇشىنى ئۆزىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغان ۋاقىتلىرىغا ئوخشىتىدۇ... شادلىقىنىمۇ ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى بەختىيارلىقى بىلەن ئوخشاش دەپ قارايدۇ.

ھالبۇكى، بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھاياتىنىڭ داۋامىدا ئەمەس، بەلكى ئۆز ھاياتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدىدۇر.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا ئۆزى مەھرۇم قالغان تەرەپلەر بىلەن يېقىنلىشىشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى ئۆز مەۋجۇتلۇقى بىلەن قوبۇل قىلىشى كېرەك.

ئەكسىچە بولغاندا، بالا «ئۆزى» بولۇشىنىڭ ئورنىغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى بولۇپ چىقىدۇ، خالاس.

## 59. ئاتا ـ ئانىلار، بالىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىدىن چىقىپ كېتىشىنى ھۆرمەتسىزلىك دەپ بىلىدۇ.

ئۆزۈمچىل ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، بالىلىرى ئۆزلىرىگە بويسۇنغان مۇددەتكىچە نورمال داۋام قىلىدۇ. ئۇلار بالىسىغا گېپىنى ئۆتكۈزەلىگەن ۋاقىتلىرىدا غەملىرىدىن خالاس بولىدۇ ۋە كۆڭلى ئارام تاپىدۇ.

بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۈيغۇلىرىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ ئورنىغا، ئۆزىنىڭ تۈيغۇلىرىنى ۋە خاراكتېرىنى نامايەن قىلىشقا باشلىغاندا ،ئاتا ـ ئانا غەم ـ قايغۇغا پېتىشقا باشلايدۇ... ئۇلار بالىسىنىڭ يولىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ۋە ئەمدى ئۆزىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغانلىقى ئەندىشىسى ئىچىدە ياشايدۇ.

بۇ ئاتا ـ ئانىلاردىكى بىر خىل خاتا چۈشەنچىدۇر.

باللار ھاياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەرىكەت قىلغۇدەك قابىلىيەتكە ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىدىن چىقمايدۇ. لېكىن قابىلىيىتى ۋە ئىقتىدارى تەرەققىي قىلغانسېرى ئۆز خاراكتېرىنى نامايەن قىلالىغۇدەك پۇرسەت تاپقىنىدا، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلىشقا باشلايدۇ.

مانا بۇ ۋاقىتتا بالىنىڭ ئەس ـ يادى ئاتا ـ ئانىسىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش ئەمەس، بەلكى « ئۆزى » بولۇپ ياشاشتىن ئىبارەتتۇر.

## 60. بالا ئۆزىگە پۇرسەت بېرىلگەنسىرى ئۈتۈق قازىنىدۇ

بالا، مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغانسىرى ھاياتنى تونۇيدۇ.

باللىق دەۋرى ئۆگىنىش، مەغلۇپ بولۇش، يىقىلىش ۋە قوپۇش دەۋرىدۇ.

بەزى ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتىنىڭ خاتالىشىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. ھەر دائىم راستچىل، ئەقىللىك، ئەدەپلىك بولۇشىنى، كۆڭلىدىكىدەك بىر كىشى بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ھالبۇكى، پەرزەنتىنىڭ ئۆزىنى پىشىپ ـ يېتىلىشى قىلالىغانلىرى بىلەن قىلالايدىغانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ كۈرەش سەھنىسىدە بالىغا پۇرسەت بەرمەسلىك، ئۇنىڭ پىشىپ ـ يېتىلىشىگە توسالغۇ بولغانلىقتۇر.

بالا ئۆز ئالدىغا قىلالايدىغان ئىشلاردا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئۇنىڭ ئىچكى ئېنېرگىيەسىنى خورىتىدۇ. بىر ئىشنى قىلالىغانلىقىنىڭ كەيپىنى سۈرۈشكە توسالغۇ بولىدۇ...

پەرزەنتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياردەم قىلغان ئاتا ـ ئانا، ئۇنىڭ باللارچە خاتالىقلىرىغا تەبەسسۇم بىلەن قارىغان، توغرىسىنى تېپىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرگەن ئاتا ـ ئانىدۇر...

## 61. بالا ئۆزىنىڭ بىر ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى كۆرۈشكە موھتاج

ئۆسۈپ يېتىلىش ئۆزئارا زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن باسقۇچلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

بالا ھەر يېشىدا ئاۋۋالقى يېشىدىكى چەكلەردىن ھالقىشقا تىرىشىدۇ.

ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ھەر باسقۇچتا يېڭى قىزىقىشلىرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ھەر يېڭى نەرسە بالىدا يېڭى قىزىقىش پەيدا قىلىدۇ.

ھەر ئىشقا قىزىقىدىغان بالىدا قىزىققان نەرسىسىنى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ پەيدا بولسا، ھەۋەس قىلىش باشلايدۇ .

بالىنىڭ بىر ئىش ھەققىدىكى قىزىقىشى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن نەتىجىلەنسە، بۇ ئۇنىڭدا باشقا يېڭى ئىشلارنى قىلىش ئارزۇسىنى ھاسىل قىلىدۇ .

بالىنىڭ قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىغان ئىشىغا ئاتا ـ ئانىنىڭ ئارىلىششى ئۇنىڭ ھەۋەسىنى قاچۇرىدۇ.

ئاتا ـ ئانا بولۇش، بىر ئىشنىڭ قانداق قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ياخشى بىلسىمۇ، بالىسىنىڭ ئۇ ئىشنى ئۆز ئالدىغا ۋۇجۇدقا چىقىرىشىنى كۈتۈشنى تەقەززا قىلىدۇ.

پەرزەنت ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك ۋاقىت، بالا بىر ئىشنى قىلىۋاتقاندا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئارىلىشىۋالماي يېنىدا تۇرۇپ بەرگەن ۋاقتىدۇر.

## 62. ۋاقىت نازارەت ئاستىدا ئىكەنلىكى تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان باللاردا شەكىللىۋازلىق ئۆزلىشىدۇ

باللىق دەۋرى ھېس ـ تۇيغۇلار چۇشەپ قويۇلغان مەزگىل ئەمەس،

ئەكسىچە ئەركىن پەرۋاز قىلغان دەۋردۇر.

بالىنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى قانچە ئەركىن بولسا، مۇئامىلىسىمۇ شۇنچە تەبىئىي بولۇشقا يۈزلىنىدۇ.

بالىغا ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش پۇرسىتى بېرىشنىڭ ئورنىغا، كۈلگىنىدە ئەيىبلەنسە، يىغلىغىنىدا جىمىقتۇرۇلسا، بۇنداق بالا ئىچكى دۇنياسىنى ئەمەس، تاشقى دۇنياسىنى نەزەرگە ئالىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدا ئىچىدىن كەلگەن نىداغا قۇلاق سېلىشنىڭ ئورنىغا، تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرىگە ئاسان ئۇچرايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىشقا تىرىشىدىغان ھالەت ئۆزلىشىشكە باشلايدۇ.

بۇ بالا ئۈچۈن تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدۇر.

ئىنسان ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئۆزى باشقۇرغان ۋە تىزگىنلەشنى ئۆگەنگەنسىرى كىشىلىكنى يېتىلدۈرىدۇ... ھېس - تۇيغۇلىرىنى چوڭلارنىڭ تىزگىنلىشىگە قويۇپ بەرگەن بالىلار ئۆزىگە خاس « مەن » بولۇشنىڭ ئورنىغا، باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك « مەن » بولۇشنى ئۆزىگە خاس قابىلىيەت قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ.

باشقىچە ئىپادىلىسەك، باشقىلارغا ئۆزىگە يات شەكىلدە كۆرۈنۈش ئۇنىڭ ئىككىنچى تەبىئىتى بولۇپ قالىدۇ... بۇنداق بالىلار ئۆزىدە ساختا كىشىلىك يېتىلدۈرگەن بالىلاردۇر.

ئاتا - ئانا بولۇش، بالىنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى تىزگىنلەشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىگە ئۆزى قۇلاق سېلىشى، مىجەزىگە يارىشا ئۆزلۈك شەكىللەندۈرۈشى ئۈچۈن پەرزەنتىگە شارائىت ھازىرلاپ بېرىشتۇر.

## 63. پاراسەتلىك ئاتا - ئانا بالىنىڭ قەلبىدە خورلىنىش ۋە مىننەت قىلىش تۇيغۇلىرىنى پەيدا قىلمايدۇ

كەمسىتىش تۇيغۇسى بىپەرۋالىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بىراۋنى كەمسىتىش ۋە ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ئازابنى ھېس قىلماسلىق دەل بىپەرۋالىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

بىر نەرسە ئۆگىتىش ئۈچۈن بالىنى كەمسىتكەن ئاتا ـ ئانا، بالىسى چەككەن ئازابنى كۆرمەسكە سېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا بۇنى قىلالمايدۇ.

بۇ خىل قاتتىق قوللۇق قىلىش بىپەرۋالىقتۇر .

بالىغا مىننەت تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇرۇش بىپەرۋالىقنىڭ يەنە بىر شەكلىدۇر.

مىننەت قىلىش تۇيغۇسى بالىدا خورلۇق ھېسسىنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئۆچمەنلىك ئۇيغىتىدۇ .

ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ شۇ ۋاقىتتا قانچىلىك بىئارام بولغانلىقىنى ھېس قىلالمىسا، بۇ ئۇلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇ جەھەتتىن ئۆزى يوقىتىپ قويغان تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

بالىغا بىر مۇئامىلىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بۇ ئىككى خىل تۇيغۇنى ۋاستە قىلىۋالغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەڭ چوڭ باھانىسى: « بۇنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولسۇن دەپ قىلىۋاتىمەن » دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

ھالبۇكى، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەسلى مەسئۇلىيىتى بالىنىڭ قىلمىشىنى تۈزىتىش ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكتۇر.

بالىغا تۇغرا دەپ قارىغان ئادەتنى ئۆگىتىش جەريانىدا دىلى ئازار يېيىشتىن كېلىپ چىققان زىيان، ئېرىشكەن نەتىجىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ.

## 64. ئاتا ـ ئانىسىدىن قانچىلىك شەپقەت كۆرسە، رەھىم ـ شەپقەت

## قىلىشنى شۇنچىلىك ئۆگىنىدۇ

ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان چەكسىز مۇھەببىتى بىلەن ياخشى كۆرىدۇ. بۇ فىترى* مېھرىبانلىقتۇر.

بالىنىڭ قەلبىدە بۇ خىل تەبىئىي يۆنىلىش بولمايدۇ .

بالىنىڭ مېھرى ـ شەپقەتكە بولغان ئېھتىياجى فىترى بولۇپ، مېھرىبانلىقنى ئۇ كېيىنچە ئۆگىنىدۇ .

ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىغا بېغىشلىغان مېھرى ـ شەپقىتى بىلەن بالىنىڭ قەلبىدە مېھرى ـ مۇھەببەت تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. شەپقەتلىك بولۇش بالىدا يېتىلگەن قابىلىيەتتۇر.

گەرچە ياخشى كۆرۈلۈشكە بولغان ئېھتىياج تۇغۇلۇشتىنلا بار بولسىمۇ، سۆيۈشنى بىلىشى كېيىنچە يېتىلىدىغان قابىلىيەتتۇر.

بالا مېھرى ـ مۇھەببەتكە ئېرىشىشكە باشلىغاندا قەلبىدە بىر نوتا بىخلىنىدۇ ، يەنى ياخشى كۆرۈش كۈچى .

مېھرى ـ مۇھەببەتكە ئېرىشەلىگەنلەر، ياخشى كۆرۈش كۈچىگە ئېرىشىدۇ.

ھەركىم قەلبىدە بالىلىقىدا ئېرىشكەن مېھرى ـ مۇھەببەتنى ساقلىيالايدۇ.

ياخشى كۆرۈلۈش پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىدۇر.

مېھرى ـ مۇھەببەتكە ئېھتىياجى يوقتەك كۆرۈنگەن كىشى ، بالىلىقىدا مېھرى ـ مۇھەببەتكە قانمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئىپادىلەش يوللىرىنى ئېتىۋەتكەن، مېھرىنى قانداق يەتكۈزۈشنى بىلەلمىگەن كىشىدۇر.

تەمەسىز مېھرى ـ مۇھەببەتكە ئېرىشىش بۇنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسىدۇر

## 65. دادىسىز چوڭ بولغان باللار ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشتا قىيىنىلىدۇ

دادا، بالا ئۈچۈن بىر ئىشنى قانچىلىك قېيىن بولسىمۇ قەتئىي نەزەر ئىزچىل ۋە قەتئىي تۈردە قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئۈلگىدۇر.

بىر ئائىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن بۇ ئارتۇقچىلىق كەم بولسا بولمايدۇ.

ئائىلىدىكى ھېسسىي قەتئىيلىك ۋە ئائىلىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ماددىي، مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلار ئالدىدىكى چىدامچانلىق، باللىق يىللىرىدا يېتىلدۈرگەن ئىرادە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك .

دادىسى ياكى دادىنىڭ رولىنى ئۈستىگە ئالغان بىر ۋاستە ئارقىلىق ئىرادىدىن قانداق پايدىلىنىشنى ئۆگەنمىگەن كىشى ، ئائىلىدىكى ھېسسىي ئىزچىللىقنى ساقلاپ قېلىشتا قىينىلىدۇ .

كىشىلىكى قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئاجىز كېلىشى مۇمكىن.

ئائاسانلا ۋازكېچىشى ( بەل قويۇۋېتىشى )، ھەتتا ئائىلىدىكى كىچىككىنە سۈركىلىشلەردىمۇ ، « ئەمسە ئايرىلايلى » دەۋېتىشى مۇمكىن.

مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ئىزچىللىقنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۈستىگە ئارتىلغان مەسئۇلىيەتنى ئېلىپ مېڭىشتا مادارى يەتمەسلىكى مۇمكىن.

تۇرمۇشلۇق بولۇش ئەسلىدە باللىق يىللىرىدا يېتىلدۈرگەن قابىلىيەتنى نامايان قىلىدىغان سەھنىدۇر.

ھەر سەبىرچان ۋە قەتئىي ئىرادىلىك بىر دادا ئۈلگىسى بولغان باللار كېيىنكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە كۆرۈلىدىغان مەسىلىلەر ئالدىدا

تېخىمۇ مەزمۇت تۇرالايدۇ.

## 66. ئانىدىن مەھرۇم قېلىش ياكى بالىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك بالىنى بىپەرۋا قىلىپ قويىدۇ

بالىنىڭ ھېسسىي يېتىلىشىدە ئانىنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ بالىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى جانلىق تۇتۇپ تۇرىدۇ، ھوشيارلىقىنى ساقلاپ يېتىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

بالا، ھېس تۇيغۇلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈشنى ئانىسىدىن، ئانىسى بىلەن قۇرغان مۇناسىۋەتتىن ئۆگىنىدۇ.

ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىي ئالاقىنىڭ يېتەرلىك ۋە ئىزچىل بولۇشى بالىنىڭ تۇيغۇلىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

بۇ مۇناسىۋەتتىن مەھرۇم قالغان بالىلار ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەندە ئازار يېمەسلىك ئۈچۈن ئىچكى دۇنياسىنى پىنھان تۇتىدۇ. ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتتە ئۆزىنى خاتىرجەم ھالدا جورىسىغا تاپشۇرۇشتا قىينىلىدۇ.

ئانىنىڭ ئائىلىنى باشقۇرغۇچى سىمۋولغا ئايلىنىپ قېلىشى، مۇكەممەللىك قوغلىشىشى ۋە ئۆز بېشىمچىلىقنى خاراكتېرى قىلىۋېلىشى بالىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىگىمۇ سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئانا بولۇش ھەممىدىن ئاۋۋال بالىنىڭ ھېسسىي ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسى بولىدىغان ئىللىقلىقنى ھەرقانداق شارائىتتا بالىغا يەتكۈزۈشنى تەقەززا قىلىدۇ .

## 67. ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىغا قالدۇرىدىغان ئەڭ چوڭ مىراسى مەسىلە ھەل قىلىش ئىقتىدارىدۇر

ئاتا ـ ئانا بولۇش، بالىغا ھەر قانداق مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىش ۋەياكى بالا دۇچ كەلگەن بارلىق مەسىلىلەرنى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەرەپ قىلىپ بېرىش ئەمەس .

ھېچقانداق مەسىلىسى بولمىغان بالىنى ئۈتۈق قازانغان بالا دېگىلى بولمايدۇ.

ھېچقانداق مەسىلىسى بولمىغان بالا يا ھاياتنى ياشىمىغاندەكلا ياشاپ كېتىۋاتقان، يا مەسىلىلەرگە يۈزلىنىشتىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىۋاتقان بولىدۇ .

قىيىنچىلىقتىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچماستىن، ئۇنىڭغا يۈزلەنگەن، قوبۇل قىلىپ ھەل قىلىش چارىلىرىنى تاپقان بالا غەلىبە قازانغان بالىدۇر .

بىر ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىغا قالدۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم مىراس، قىيىنچىلىقلار (مەسىلىلەر ) ئالدىدا تەمكىن ۋە سالماق ھالدا باشقا ھەل قىلىش يوللىرى ئۈستىدە ئويلىنىدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشتۇر.

مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ھاياتنىڭ ئىچىدىن ئۆگىنىمىز .

بۇ سەۋەبتىن بالىنىڭ خاتالىقلاردىن تەجرىبە ساۋاق ئالغاچ ئۆزى ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارىغان چارىنى تېپىپ چىقىشىغا پۇرسەت بېرىشىمىز كېرەك .

ھەر مەسىلىنىڭ ھەل قىلىش چارىسى بارلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە سوغۇققانلىق بىلەن يۈزلىنىپ ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىدىغان بالا، ئاتا ـ ئانىسى خاتىرجەم ھالدا ھاياتىغا نەزەر سالىدىغان بالىدۇر.

## 68. بالىسىغا گېپىنى ئۆتكۈزەلمەيدىغان ئاتا ئانا ، ئاساسەن بالىنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارىنى يوقاتقان ئاتا ـ ئانىدۇر

بىر ئاتا ـ ئانىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ ئۇتۇقى  بالىسىنىڭ ئۇنى قەدىرلىشىدۇر .

بالا قەدىرنى قىلغان كىشىدىن تەسىرلىنىدۇ.

قەدىرلىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆلچىمى ھۆرمەت قىلىنىشتۇر.

ھۆرمەت كىچىكتىن چوڭغا بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتكە ئىگە قىلغۇچى پەرزەنتتۇر.

بالىدا بىراۋغا نىسبەتەن ھۆرمەت تۇيغۇسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئۇ كىشىدە مۇنداق خىسلەتلەر تېپىلىشى كېرەك: ئىشەنچ، ئەمىن (زىيان يەتمەيدىغان بولۇش) ۋە تەبىئىيلىك...

بالىغا خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بەخش ئېتەلمىگەن، كۆپ نەرسە بىلىدىغان، بىلىدىغانلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان، ئۇنى باشقۇرىدىغان كىشى بالىنىڭ نەزىرىدىكى ئېتىبارىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

بالا ياسالما كىشىگە پەرۋا قىلمايدۇ.

بالا دەسلەپتە ئاتا ـ ئانىسىنى قەدىرلەيدىغان بىر كىشى سۈپىتىدە تونۇيدۇ . ئاتا ـ ئانا ئىشەنچلىك بولۇشى، راستچىللىقى، تەبىئىيلىكى ۋە شەخسىيەتچىلىكتىن يىراق تۇرۇشى بىلەن بالىدىكى ھۆرمەت ھېسسىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ .

بۇنىڭ ئەكسىچە مۇئامىلىلەردە بولسا بالىنىڭ نەزىرىدىكى ئېتىبارىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ نەزىرىدىكى ئېتىبارىنى يوقىتىپ قويغانسېرى تەسىر كۈچىنىمۇ يوقىتىدۇ. بالىغا گېپىنى ئۆتكۈزەلمىگەن ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ نەزىرىدىكى ئېتىبارىنى يوقاتقان ئاتا ـ ئانىدۇر.

## 69. دەرەختە بىنورماللىق بولسا، يىلتىزىغا قاراپ بېقىش لازىم

بالىنى مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشاتساق، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ دەرەخنىڭ مېۋىلىرى ۋە يوپۇرماقلىرىدۇر.

بالىنىڭ ھېسسىي يېتىلىشى ۋە يېتىلىشكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئاتا ـ ئانا دەل بۇ مېۋىلىك دەرەخنىڭ يىلتىزىدۇر .

دەرەخ مېۋە بەرمىسە ياكى بەرگەن مېۋىسى كۆڭلىمىزدىكىدەك سۈپەتلىك بولمىسا، دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ۋەياكى شاخلىرىغا ئەمەس، يىلتىزىغا، ئۇنى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەۋاتقان غوللارغا قارايمىز .

بالىنىڭ ھېسسىي يېتىلىشى بۇ دەرەخنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەۋاتقان يىلتىز ۋە غوللىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. دەرەخ يوپۇرماقلاردىكى مەسىلە دىققەت نەزىرىمىزنى ھېسسىي يېتىلىشتە بىنورمال ئەھۋالنىڭ بارلىقىغا ئاغدۇرۇشى كېرەك .

بالا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىگە ئېرىشەلمىسە، ھېسسىي يېتىلىشىدە كەمتۈكلىك پەيدا بولىدۇ. بۇ كەمچىللىك ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئۆزىنى نامايەن قىلىدۇ .

دەرەخلەردە مەزمۇت شاخلار، ساغلام يوپۇرماقلار ۋە مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەرنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا بۇلارنى ئۆزلۈكىدىن مۇشۇنداق بولىدۇ دەپ ئويلىمايمىز .

بالىدىن ئىبارەت بۇ دەرەخ بەرگەن مېۋىلىرىنىڭ سۈپىتى، يوپۇرماقلىرىنىڭ كۆچلۈك ـ ئاجىز بولۇشىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئەمەس .

ئەگەر مېۋىلىك دەرەختە مەسىلە بولسا، ئۇنى بۇ ھالغا كەلتۈرگەن يىلتىزغا قايتىدىن قاراپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ .

## 70. ماختانچاق ئاتا ـ ئانىنىڭ باللىرىدا ئاتا ـ ئانىغا بېقىنىۋېلىش ۋە ئەندىشە كۆرۈلىدۇ

ماختانچاقلىق مەنىۋى بۇزۇلۇش بولۇپ، بۇنىڭ تەكتىدە قانائەتسىزلىك تۇيغۇسى ياتىدۇ.

ئاتا ـ ئانىنىڭ ماختانچاق ھالى باللىنىڭ قىممەت قاراش ئۆلچىمىنى ھەقىقەتنى ئاساس قىلمايدىغان شەكىلدە بۇزىدۇ .

نەتىجىدە بالا يېتىلىش جەريانىدا يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك قابىلىيەتلەرگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنى يەنىلا كەمتۈك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ .

ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنى ماختاشنىڭ ئورنىغا تەبىئىي مۇئامىلىسى ئارقىلىق باللىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھەمدەم بولالايدۇ.

ئاتا ـ ئانا ئۆزىنىڭ كەمچىللىكلىرىنى يوشۇرۇشنىڭ ئورنىغا يېتەرسىزلىكلىرىنى بالىسى بىلەن ئورتاقلاشقانسېرى باللىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرگەن بولىدۇ.

## 71. داۋاملىق ئۆزىنى ماختايدىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىغا يېقىنلىششى تەسكە توختايدۇ

ماختانچاق كىشى شۇنداق شەخسىيەتچى بولۇپ، ئۇ ھېسداشلىق تۇيغۇسىدىن يوقسۇلدۇر.

ئۆزىنى كەم كۆتىسىز، قۇسۇرسىز بىر ئىنسان دەپ داتلىغان ۋاقىتتا، باللىنىڭ ئۆزىنى قابىلىيەتسىز، كەمتۈك دەپ ھېس قىلىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلالمايدۇ .

بۇ خىل كىشىلەر ئۆزىگە شۇقەدەر بېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت ئۆزىنىڭ ھېسسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەنلا ئاۋارە بولغانلىقتىن، بۇنىڭ بالىسىنىڭ روھىغا قانچىلىك سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ.

ھالبۇكى دۇرۇست ۋە ئوچۇق ـ يورۇق ھالدا ئۆزىنى ئىپادىلىگەن ئاتا ـ ئانا، بالىسىغا غەم ـ ئەندىشىسىز ۋە ياسالمىلىقتىن خالىي ھالەتتە بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئىمكان ھازىرلىغان بولىدۇ.

ئاتا ـ ئانىنىڭ كەمچىلىكىنى سەممىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىشى بالىنىڭ ئۇلارغا بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرىدۇ. چۈنكى بالا ئانىسى ياكى دادىسىنىڭ بىرەر نەرسىنى بىلمىسە، ئۇنى ئوچۇق ـ ئاشكارە بىلەيمەن دەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئاتا ـ ئانىسى بىلمەن دېگەن نەرسە ھەققىدە قىلچە شۈبھىلەنمەيدۇ .

## 72. شەخسىيەتچى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى بىپەرۋا بولۇپ قالىدۇ

شەخسىيەتچىلىك بىپەرۋالىقنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

ئۇ ئۆزىنى مەركەز قىلىۋېلىشىنىڭ، شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

شەخسىيەتچى، يەنى بىپەرۋا ئاتا ـ ئانا بالىسىنىڭ ھېسسىي ئېھتىياجلىرىنى قامدىيالمايدۇ.

ئاتا ـ ئانا بالىغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن شۇنچە يىراق بولۇپ، ئۇلار بۇ بىپەرۋالىقنىڭ بىرەر مەسىلە پەيدا قىلمايدىغانلىقىدىن شۇنداق خاتىرجەم بولغاچقا، بالىسىنىڭ ھېسسىي ئېھتىياجلىرى داۋاملىق جاۋابسىز قالىدۇ.

داۋاملىق تۈردە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشەلمىگەن ياكى يوق ھېسابلانغان بالا ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى باستۇرۇشقا باشلايدۇ.

باستۇرۇلغان ھېس ـ تۇيغۇلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بالىنى ئۆزى ۋە باشقىلارغا بىپەرۋالىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ .

بۇ بىپەرۋالىقنىڭ تۈنجى قەدىمى بولۇپ، بالا ئەمدى ئاستا ـ ئاستا ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىيەلمەسلىكتىن كېلىپ چىققان قابىلىيەتسىزلىككە قاراپ يۈزلىنىدۇ.

شەخسىيەتچى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا ئۆزلىرى ماڭغان يولدا مېڭىپ بىپەرۋا بولۇشتىن باشقا تاللاش ئىمكانىيىتى بەرمەيدۇ.

## 73. ئېھتىياجى بولمىسىمۇ بالىغا يار ـ يۆلەك بولۇۋېلىش ئۇنىڭغا توسالغۇ بولغانلىقتۇر

ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن باشقا يەنە قىزىقىشى، ھەۋىسى، ئارزۇلىرى ۋەياكى ھاياجانلىرىغىمۇ توسالغۇ بولۇشى مۇمكىن.

بالا زوق بىلەن بىر ئويۇنچۇققا قاراپ چاپقىنىدا ئۇنى توختىتىۋېلىش توسالغۇ بولغانلىقنىڭ بىر خىل شەكلىدۇر.

بالىنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئارزۇلىرى، ھەۋەسلىرى شەكىللىنىدىغان شارائىتنى يوق قىلىۋېتىش توسالغۇ بولۇشنىڭ يەنە بىر شەكلىدۇر.

بالا يېڭى ـ يېڭى نەرسىلەرنى بايقاش ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن قىزىقىش تۇيغۇسىغا ۋە سىناپ بېقىش ھەۋىسىگە موھتاج.

مەسىلەن: موزائىك ئويۇنچاقنى ئويناش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل ھەپىلىشىپ بېقىشى كېرەك. بالا ئويناۋاتقاندا ئاتا ـ ئانا ئارىلىشىۋېلىپ، ئويۇننى ئۇنىڭ ئورنىغا پۈتكۈزۈپ بەرگىنىدە ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلماستىن بالىنىڭ يېتىلىشىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ.

بالىغا تېخى ئېھتىياجى چۈشمىگەن نەرسىلەرنى بېرىش ئۇنىڭ قىزىقىشىنى

ۋە ھەۋىسىنى بوغۇپ قويىدۇ.

ئاتا ـ ئانا بالىسىنىڭ ئېھتىياجى چۇشكەن ۋاقىتتا ئېھتىياجىغا قارىتا ياردەم قىلغاندىلا ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلغان بولىدۇ.

ئەكسىچە بولغاندا، بالىغا ياردەم قىلىۋاتقاندەك قىلغان بىلەن، ماھىيەتتە ئۇنىڭ يېتىلىشىنى توسۇپ قويغان بولىدۇ.

## 74. پەقەت ئىنسانلارغىلا ئەمەس، ئەشيالارغا ۋە ھايۋانلارغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلغان ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلىرى ۋاپادار بولىدۇ

ۋاپا، پەقەت كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىلا ئىشلىتىلىدىغان ئۇقۇم ئەمەس.

ۋاپا بىر خىل تۇيغۇ بولۇپ، ئىنسان يۈزلەنگەن ھەر قانداق نەرسە بىلەن ئورناتقان مۇناسىۋەتتە ۋاپانىڭ ئۆزىگە خاس ئورنى بولىدۇ.

ۋاپا، ئىنساننىڭ ئىنسانلار بىلەن، ھايۋانلار بىلەن، ئۆسۈملۈكلەر بىلەن، ئەشيالار بىلەن ۋە پۈتۈن كائىنات بىلەن ئورناتقان مۇناسىۋەتلىرىدە ھېس قىلىنىشى كېرەك بولغان تۇيغۇدۇر.

ۋاپا تۇيغۇسى ھۆرمەت تۇيغۇسىدىن ئوزۇق ئالىدۇ.

ۋاپا، جانلىق ۋە جانسىز ھەر بىر مەۋجۇداتقا كۆرسىتىلىشى، بېرىلىشى زۆرۈر بولغان ھۆرمەت ۋە قەدىرلىنىش تۇيغۇسىدىن ... ئوزۇق ئالىدۇ.

ئۆزۈل مەزگىل ئىشلىتىلگەن بىر ئەشيا كونىراپ قالغىنىدا، ئەمدى كارغا كەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلە قىلىنسا، بۇنداق بىر ئائىلىدە چوڭ بولغان بالا ۋاپا تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشتە قىينىلىدۇ.

ھايات چۈشەنچىسى بىر پۈتۈن گەۋدىدىن تەشكىل تاپىدۇ.

ئىنساننى تەشكىل قىلغان ئامىل پەقەت ئىش ـ ھەرىكەتلەردىنلا ئىبارەت

ئەمەس. پەقەتلا كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە ۋەياكى مۇئامىلە دائىرىسىدە ۋاپادار بولۇش ھەقىقىي ۋاپا تۇيغۇسىغا ئىگە بولغانلىقنى بىلدۈرمەيدۇ.

بالىدا ۋاپا تۇيغۇسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئۆي ئىچىدىكى ھەر بىرەيلەن ۋە ھەر بىر نەرسە بىلەن قۇرۇلغان مۇناسىۋەتتە ۋاپا تۇيغۇسى ھەقىقىي تۈردە ئەكس ئېتىشى كېرەك.

## 75. بالىغا يارىتىپ بېرىلگەن ئىمكانىيەتلەر ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە ئەمەس، بالىنىڭ ئېھتىياجىغا قارىتا بولۇشى كېرەك

بالىغا يارىتىپ بېرىلگەن ئىمكانىيەتلەرنىڭ چېكىنى ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى بەلگىلىمەسلىكى كېرەك.

ئاتا ـ ئانا بالىغا يېتەرلىك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلەلمىدىم دېگەن ئوي بىلەن ۋەياكى ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېس قىلىپ، بۇ تۇيغۇ تەسىرىدە ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ يېتىشىچە بالىنى ماددىي ئىمكانىيەت ئىچىگە غەرق قىلىۋېتىدۇ.

ھەرخىل ھەر تۈردىكى ئويۇنچۇقلار، كىيىم ـ كېچەك ۋە نەرسە ـ كېرەكلەر تەمىنلەپ بېرىلگەن بالىدا ئىككى تۈرلۈك تۇيغۇنىڭ شەكىللىنىشى ئېھتىمالغا يېقىن.

بىرىنچىسى، ئاتا ـ ئانىسى تەمىنلەپ بەرگەن نەرسىلەر ئالدىدا ئۆزىنى ئاجىز ھېس قىلغان بالىدا مىننەت تۇيغۇسى ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا بېقىنىۋېلىش تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ.

ئىككىنچىسى، نەرسىلەرگە پەرۋاسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش پەيدا قىلىدۇ.

نەرسىلەرنى قەدىرلەيدىغان، ئۇلار بىلەن ھەقىقىي رىشتە ئورناتقان، تېز زېرىكمەيدىغان ۋە قىزىقىش تۇيغۇسى يېتىلگىچە

ۋاقىتنى بىرلا نەرسە بىلەن ئۆتكۈزەلەيدىغان بالىلارنى تەربىيەلەپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىلار، بالىلىرىغا يارىتىپ بەرگەن ئىمكانىيەتلەرگە يەنە بىر قېتىم نەزەر سېلىپ بېقىشى كېرەك.

## 76. بالا ئويۇنچۇقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە ئوينىغان ۋاقىتتا خۇشال بولىدۇ

بالىسى بىلەن ھەقىقىي رەۋىشتە مۇناسىۋەت ئورنىتالىغان، ئۇنى چۈشىنىپ يېتەلىگەن ئاتا ـ ئانا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئويۇنچۇققا موھتاج بولماستىن بالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ.

مۇشۇنداق مۇناسىۋەت ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە بالىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىنى پەرق قىلالىغۇدەك سەۋىيەگە يېتىشى كېرەك

ئاتا ـ ئانا ئۆزىنى ئىقتىدارسىز ھېس قىلغانسېرى ئەڭ ئېسىل ئويۇنچۇقلار ئارقىلىق بۇ ئاجىزلىقنى يېپىشقا تىرىشىدۇ .

بالا بىلەن ئويۇن ۋە ئويۇنچۇقنى ۋاستە قىلىپ مۇناسىۋەت باغلاشقا كىرىشىدۇ.

ھېسسىي جەھەتتىن بالىسىغا يېقىنلىشالىغان، ئۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي مۇناسىۋەت ئورنىتالىغان ئاتا ـ ئانا باشقا بىر ۋاستىگە موھتاج بولمايدۇ .

ئويۇنچۇق ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ رەڭدار قىلىدۇ. ئەمما مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈشتىكى ئاساسلىق ئامىل ئويۇنچۇق ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ ئانا ۋە بالا ئوتتۇرىسىدا ھاسىل بولغان تەسىر كۈچتۇر .

ئۆزىنى ۋە بالىسىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدىغان ئاتا ـ ئانىلار بۇ مۇناسىۋەتنى ئورنىتالايدۇ.

بالا ئويۇنچۇق بىلەن ئەمەس، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئوينىغانسېرى خۇشال بولىدۇ.

## 77. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھايات ھېكايىلىرىنى بىلمىگەن بالىنى، ھېكايە كىتابلار بىلەن گوللاش مۇۋاپىق ئەمەس.

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بالىلىقىدىكى ئەسلىمىلىرىنى ئاڭلاش بالا ئۈچۈن ئۆزگىچە ئەھمىيەتكە ئىگە.

بالىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېھتىياجى ئاتا ـ ئانىسىنى تونۇش بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭمۇ بىر ۋاقىتلاردا ئۆزىگە ئوخشاش بالا ئىكەنلىكىنى بىلىشى بالىنى باشقىچە ھاياجانلاندۇرىدۇ.

بۇ ھېكايىلەرنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا ناھايىتى كۆچلۈك، بەكمۇ قابىلىيەتلىك ۋە بىلىملىك بولغان ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدىغان رولى بار. شۇنداق قىلغاندىلا بالا بىلەن ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدا رىشتە ھاسىل بولىدۇ.

ياخشى ئاتا ـ ئانا بولۇشنىڭ شەرتلىرى سۆپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ بىرسى بالىلىرىغا ھېكايە ـ مەسىلىلەرنى ئوقۇپ بېرىش ياكى ئېيتىپ بېرىشتۇر.

بۇ ھەقىقەتەن بالا ئۈچۈن بىر ئېھتىياجتۇر.

ئەمما بالىغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ۋە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن رىشتىسىنى ئورنىتىدىغان ئەسلىمىلەرنى ئورتاقلىشىشنى تاشلاپ قويۇپ، بالىغا باشقا ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىش مۇھىملىق تەرتىپىنى ئالماشتۇرىۋەتكەنلىكتۇر.

ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ ھېكايىلىرىنى بالىلىرى بىلەن ئورتاقلاشماي تۇرۇپ،

باشقىلارنىڭ ھايات ھېكايىلىرىغا ئۆتمەسلىكى كېرەك.

## 78. ئەڭ ئاجىز ئاتا ـ ئانا، بالىسىنىڭ يىغلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلمايدىغانلاردۇر.

يىغلاش، بالا ئۈچۈن ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنىڭ ئاساسلىق شەكلىدۇر.

باللىقىدا قانغۇچە يىغلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان بالىلار، چوڭ بولغىنىدا تۇيغۇلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈشتە قىينىلىدۇ.

بالىسىنىڭ يىغلىشىقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئاتا ـ ئانا بىپەرۋالىق ئىچىدە بولىدۇ.

پەرۋاسىز كىشىلەر تۇيغۇلاردىن، ھېسسىياتقا تەسىر قىلغۇچى ئامىللاردىن ۋە ھېس ـ تۇيغۇغا خىتاب قىلىدىغان مەنزىرىلەردىن بىئارام بولىدۇ.

بىپەرۋالىق ئەسلىدە ئىنسانىنىڭ ھېسسىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقى ئالدىدا چارىسىز قېلىپ، ھېسسىياتنى يوشۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىدۇر.

ئۆز تۇيغۇلىرىنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ تۇيغۇلىرى بىلەن ئۇچراشقىنىدا سەپرالىشىدۇ. كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاشكارىلىنىپ قالغان تۇيغۇلىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

ھېسسىي جەھەتتىكى يېتىلىشى ئاجىز كىشىلەر، بىپەرۋالىق ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ.

پەرۋاسىزلىق بىلەن كۈچلىنىشكە ئۇرۇنغان كىشى ھېس ـ تۇيغۇغا خىتاب قىلىدىغان مەنزىرىلەردىن بىئارام بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يولنى تاللايدۇ. ھېس ـ تۇيغۇغا خىتاب قىلىدىغان مەنزىرىلەردىن بىئارام بولغان كىشى ئەسلىدە ئاجىز كىشىدۇر.

يىغلاش ھېس ـ تۇيغۇغا خىتاب قىلىدىغان ھەرىكەت بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا بىئارام بولۇش ھېسسىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## 79. ئەڭ كۈچلۈك ئاتا ـ ئانا ، باللىنىڭ تۇيغۇلىرىغا ھەمدەم بولالىغانلاردۇر

باللىق دەۋرى ھېسسىي يېتىلىشنىڭ ئەمەلىيلەشكەن باسقۇچىدۇر.

بالا بۇ جەرياندا بەك كۆپ تۇيغۇلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆگىنىدۇ.

باللىنىڭ ئىچى جۇشقۇنلاپ تۇرغان ھالەتتە بولۇپ جىم تۇرمايدۇ، بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق تۇيغۇلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

كەڭ دائىرىدە يېڭى ـ يېڭى تۇيغۇلارنى سىناقتىن ئۆتكۈزىدۇ.

چوڭلار بولسا تۇرغۇن، مۇقىملاشقان ھېسسىي دائىرىگە ئىگىدۇر.

كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ ئاتا ـ ئانا روھىي جەھەتتىن كۈچلۈك ئاتا ـ ئانىدۇر.

روھىيتى كۈچلۈك كىشىلەر باللىرىنىڭ تۇيغۇلىرىغا ھەمدەم بولالايدۇ.

بۇ، بالا ئۈچۈن مۇھىم پۇرسەتتۇر. ھېسسىي جەھەتتىن يېتىلگەن كىشى باللىنىڭ چەكتىن ئاشقان تۇيغۇلىرىغا ھەمدەم بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا بۇ تۇيغۇلارنى قانداق قوللىنىشقا ئائىت ئۈرنەك بولىدۇ .

ئاتا ـ ئانىنىڭ ھېس قىلغان غەزەپ، خۇشاللىق، ھاياجان قاتارلىق تۇيغۇلارنى ھاياتقا قانداق ئېلىپ كىرگىنىگە شاھىت بولۇش، بالىنى بۇ تۇيغۇلارنى ئىپادىلەش ئۇسلۇبى ھەققىدە مىسلىسىز تەجرىبىگە ئىگە قىلىدۇ.

باللىنىڭ باللارچە ھېسلىرىغا، زوقلىرىغا ھەمدەم بولالىغان ئاتا ـ ئانا ھېسسىي جەھەتتىن پىشقان ئاتا ـ ئانىدۇر. تۇيغۇدىكى پىشىپ

يېتىلىش ھېسسىي جەھەتتىكى كۈچلۈكلۈكىنىڭ

ئىپادىسىدۇر.

## 80. بالىغا قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۇنىڭ يارىتىلىشچانلىقى ئىگە بولغان ھەققىدۇر

بالىغا ئۆزىنى قەدىرلىك ھېس قىلدۇرىدىغان ئاتا ـ ئانىلىق ئۇسلۇبىنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئاتا ـ ئانا بولۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بۇ ئۇنىڭغا قىلىنغان بىر ياخشىلىق بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ يارىتىلىشچانلىقى ئىگە بولغان ھەققىدۇر.

قەدىرلىنىش تۇيغۇسى، ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئىگە بولغان ھەققىدۇر.

بالا قىلغان ـ ئەتكەنلىرى سەۋەبىدىن قەدىرلىنىشى كېرەك ئەمەس، ئۇ ئەسلىدە يارىتىلىشچانلىقى بۇ ھەققە ئىگىدۇر.

جازالاش، كەمسىتىش، بالىنى بىر ئىش ـ ھەرىكەتكە مەجبۇرلاش، خالىمىغان بىر ئىشنى زورلاپ قىلغۇزۇشقا ئۇرۇنۇش، بالىنىڭ ئۆزىنى قەدىرسىز ھېس قىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

## 81. ئاتا ـ ئانا بولۇش بالىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بولۇش ئەمەس، بەلكى بالىنى ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قىلىشتۇر

نۇرغۇنلىغان غەمكىن ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەيدۇ.

ھالبۇكى، بۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان مەسئۇلىيەت ئەمەس.

ئاتا ـ ئانا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىش ئەسلىدە بالىنى ئۆزىنىڭ

ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشتۇر.

بالا، ئاتا ـ ئانىسى خالىمىغانلىقى ئۈچۈنلا يالغان سۆزلەشتىن ۋاز كەچكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ ھەقىقىي تۈردە تەرك قىلىش بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. بۇنىڭ رېئاللىقتا ئايلىنىشى ئۈچۈن بالا بۇ زۆرۈرىيەتنى ئىچ ـ ئىچىدىن قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك.

بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ تەكتىدە ھېس ـ تۇيغۇلار ياتقانلىقتىن، بالىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ۋە بۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتتە ئەكس ئېتىش يوللىرىنى قانداق تىزگىنلەشنى ئۆگىنىشى تولىمۇ زۆرۈر.

غەزەپ، خۇشاللىق، زوق ۋە مەمنۇنلۇقنى تىزگىنلەشنى ئۆگەنگەن بالا، ھەقىقىي مەنىدە «ئۆز»ى بولۇپ ياشاشنى ئۆگەنگەن بالىدۇر.

## 82. ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋەزىپىسى بالىنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزۇشتۇر

قەلبىنىڭ ئارام تېپىشى ئۇنىڭ تىنچلانغان ھالىتىدۇر.

قەلبىنىڭ تىنچلىنىشى ئىنسان تۇيغۇلىرىنىڭ سۈكۈتتىكى ھالىتىدۇر.

قەلبى ئارام تاپمىغان كىشى پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئېھتىياجىنى قامداش ھەلەكچىلىكىدە بولىدۇ.

زېھن ھەرىكەت ھالىتىدە ئارام ئالىدۇ.

قەلب چەكتىن ئاشقان ۋەسۋەسىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا ھۇزۇرغا ئېرىشىدۇ.

ھەر خىل تۇيغۇلىرىنى تىزگىنلەش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگەن بالا قەلب ئازادىلىكىنى، يەنى تەمكىنلىك بىلەن ياشاش قابىلىيىتىنى ئۆزلەشتۈرگەن بولىدۇ.

تۇيغۇلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۇلارنى باستۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى كىشىنىڭ قەلبىدە پەيدا بولغان ۋەسۋەسىلەرنى بايقاش ۋە بۇلارنى تىزگىنلەش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتۇر.

كىشى تاشقى بېسىمدىن ئەمەس، ئەكسىچە ئىچكى دۇنياسىغا يۈزلىنىپ ھەر خىل ۋەسۋەسىلەردىن قۇتۇلغانسىرى ھۇزۇرغا ئېرىشىدۇ.

ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆزى دۇچ كەلگەن ھەر تۈرلۈك ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلۇش ئۇسلۇبى، بالىنىڭ بۇ قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشىدە مۇھىم پەند ـ نەسىھەت رولىنى ئوينايدۇ.

ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ ھەر خىل تۇيغۇلىرىنى باستۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئازادە ھاياتىنى ياشىشى، بالىسى ئۈچۈن قەلب ئازادىلىكى ھەققىدە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ.

## 83. تۇيغۇلىرى تىزگىنلەنگەن بالىلار كىشىلىكنى يوقىتىپ قويىدۇ

غەم، ئىنساننىڭ كۆڭلى خالىمىغان بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشى توغرىسىدا قىلغان ئەندىشىسىدۇر.

غەمكىن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە ھەر ۋاقىت ئەندىشە بىلەن قارايدۇ.

بالا يۈگۈرسە يىقىلىپ كېتىدۇ، سەكرەپ ئوينىسا پۇتى قايرىلىپ كېتىدۇ، تاپشۇرۇقنى ئىشلىمىسە دەرستە كېيىن قالىدۇ، بىرەر دوستى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا دوستسىز يالغۇز قالىدۇ، سەل ئاجىز بولسا باشقىلاردىن تاياق يەيدۇ... دەپ غەم ـ ئەندىشىلەرگە پېتىپ قالىدۇ.

غەم ـ قايغۇ ئىنساننى ئۆزلۈكىدىن تەدبىر قوللىنىشقا يۈزلەندۈرىدۇ.

ئاتا ـ ئانا بالىدا بولمىغان، لېكىن ئۆز خىيالىدا پەيدا قىلىۋالغان ئەندىشىلەر بىلەن تەدبىر ئېلىشقا كىرىشسە، بالىنىڭ يېتىلىشىنى

توختىتىپ قويىدۇ.

غەمكىن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ تۇيغۇلىرىنى تىزگىنلەشنى ماھارەت دەپ قارايدۇ.

ھالبۇكى، تىزگىنلەشكە ئۇچرىغان تۇيغۇلارنىڭ يېتىلىشى يا ئاقساپ قالىدۇ ياكى يۆنىلىشى باشقا تەرەپكە بۇرىلىپ كېتىدۇ. بالا يا تۇيغۇلىرىنى باستۇرىدۇ ياكى ئۆزىنى ئەيىبلەپ ھېس قىلىپ داۋاملىق ھەممە نەرسىنى ئاشكارا تۇتۇشقا تىرىشىدۇ .

ھالبۇكى، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن ئۆزگە خاس تەرەپلەرنىڭ بولۇشىغا موھتاج.

ئاتا ـ ئانا ئۆزىنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنىڭ توغرا بولۇپ ـ بولمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بالىنىڭ تۇيغۇلىرىنى بۇراشقا ياكى تۇيغۇلىرىنى ھەممىگە مەلۇم ھالغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى، بالىنىڭ ئۆزگە خاس تەرەپلىرىگە قول تىققانلىق بولۇپ، بۇ بالىنىڭ يېتىلىشىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ.

## 84. بالىنى ئېتىبارغا ئالماسلىق ئۇنى كەمسىتىشنىڭ بىۋاسىتە يولىدۇر

ئىنسانغا بېرىلىدىغان ئەڭ ئېغىر جازا ئۇنى ئېتىبارغا ئالماسلىقتۇر. چۈنكى مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش ئىنساننىڭ قەلبىدىكى ئەڭ كۈچلۈك تۇيغۇدۇر. مەۋجۇتلۇقى ئېتىراپ قىلىنماسلىق ھېسسىنى باشتىن كەچۈرگەن كىشىنىڭ دىلى قاتتىق ئازار يەيدۇ.

يوق قاتارىدا كۆرۈلۈپ ئېتىبارغا ئېلىنماسلىق بىر كىشىگە نىسبەتەن ئېتىراپ قىلىنماسلىقتىنمۇ بەتتەر ئازابتۇر.

رەنجىپ گەپ قىلماسلىق بالىغا بېرىلىدىغان ئەڭ ئېغىر جازادۇر. بۇ مەۋجۇتلۇقى ئاگلىق ھالدا يوق ھېسابلانغان ئەھۋالدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزىمۇ بىلمەستىن ئىپادىلەنگەن ئېتىبارغا ئالماسلىق

ئەھۋاللىرى سادىر بولىدىغان بولۇپ، بۇ ئەھۋالمۇ بالىنى رەنجىتىدۇ.

مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىلىنمىگەنلىكىنى ھېس قىلغان بالا ئىچ ـ ئىچىدىن قەدىرسىزلىك تۇيغۇسىنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

ئادەتتە بالىلار چوڭلارنىڭ يېنىدا يوقنىڭ قاتارىدا مۇئامىلە كۆرىدۇ.

## 85. بالىنىڭ ھاياتقا بولغان زوقىنى يوق قىلىشتا ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان تۇيغۇ ـ قەدىرسىزلىك تۇيغۇسىدۇر

بالا داۋاملىق زېھنىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ھالەتتە بولىدۇ.

بالىنىڭ ھېسسىي، زېھنىي ۋە فىزىيولوگىيەلىك جەھەتتىكى يېتىلىشىنى داۋام قىلدۇرۇۋاتقان ئامىل دەل مۇشۇ ئېنېرگىيەدۇر.

سەلبىي تۇيغۇلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىلغان بالىدا ھەر ۋاقىتتىكىدەك روھلۇق ھالەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولسا، بالىنىڭ يېتىلىشى مەركۇر تۇيغۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتىدۇ دېگەنلىكتۇر.

بالىنىڭ زوقىنى يوق قىلىدىغان مۇئامىلىلەر ئۇنىڭ يېتىلىشىنى تورمۇزلايدۇ.

ھېسسىي ئېنېرگىيەنى نېمە خورىتىدۇ؟

قەدىرسىزلىك، قابىلىيەتسىزلىك ۋە گۇناھكارلىق تۇيغۇلىرى.

قەدىرسىزلىك ھېسسىنى يېڭىشكە تىرىشقان بالا قەدىرلىنىشكە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇدۇشقاق بولۇپ قالىدۇ.

قابىلىيەتسىزلىك ھېسسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خىرىس قايىنمىغا پېتىپ قالىدۇ ۋە ئۆزىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ.

گۇناھكارلىق تۇيغۇسىغا مۇپتىلا بولغان بالىمۇ ئۆزىدە بىر ئەيىبنىڭ يوقلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئىنتىلىدۇ.

بالا ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەدىرسىزلىك، قابىلىيەتسىزلىك، گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان، ئۆزىنى خار ھېس قىلىدىغان، بېقىندى كىشى بولۇپ چىقىدۇ.

## 86. بالىنى كىشىلەر ئارىسىدا جازالاش، ئۇنى كەمسىتىدىغان ئەڭ ئېغىر جازادۇر

بالىغا بېرىلىدىغان ھەر تۈرلۈك تەربىيە باشقىلارنىڭ يېنىدا ئەمەس، باشقىلار يوق جايلاردا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

كىشىلەر ئارىسىدا بالىنىڭ خاتالىقىنى يۈزىگە سېلىش، ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىش ئەمەس، ئەكسىچە ئۇڭايسىزلاندۇرۇشتۇر. بۇ بالىنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپلا قالماستىن، ھېسسىي جەھەتتە بىئارام قىلىدۇ.

بالىنىڭ خاتالىقىنى كىشىلەر ئارىسىدا تۈزىتىشكە ئۇرۇنۇش، يەنە بىر تەرەپتىن غەرەزلىك قىلمىش بولۇشى مۇمكىن.

بۇ ئارقىلىق ئاتا ـ ئانا بالىسىنىڭ خاتالىقى بىلەن ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىپ، «بۇ مېنىڭ خاتالىقىم ئەمەس، بۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلمەن» دېيىشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن

ھالبۇكى، بالىنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقى ھېچكىمگە مەنسۇپ ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇ تېخى كىچىك. ئۇنىڭ خاتالىق سادىر قىلىشى نورمال ئەھۋال بولۇپ، ئاتا ـ ئانىنىڭ بۇنى ئۆزىنىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئېتىبارىنى يوقىتىپ قويغاندەك چۈشىنىۋېلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

«بۇ ئەھۋالنى قايسى ئۇسۇللار بىلەن تۈزىتەلەيمىز» دەپ باش قاتۇرۇپ، ۋۇجۇد تىلىدىن پايدىلىنىپ بالا بىلەن مەسىلە ھەققىدە سۆزلىشىش ئەڭ توغرا ئۇسۇلدۇر

•

## 87. بالا ئانىسىغا قانچىلىك ئىشەنسە، ھاياتقا شۇنچە ئۈمىد باغلايدۇ

بالىلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئېھتىياج ئىشەنچ تۇيغۇسىدۇر.

بالا ئىشەنچ تۇيغۇسىنى تۇنجى قېتىم تېتىغان، ئىشەنچ بىلەن ئالاقە ئورناتقان ۋە ئىشەنچ تۇيغۇسى بىلەن ئېچىلىپ ـ يېيىلىشنى ئۆگەنگەن كىشىسى دەل ئانىسىدۇر.

بالا ئانىسى ئارقىلىق ئېچىلىپ ـ يېيىلىشنى ئۆگەنمىگەن بولسا، ھېسسىي جەھەتتىن تار يەرگە قاپسىلىپ قالىدۇ.

ھېسسىي تارلىق ئىچىدە ھاياتقا بولغان ئىشەنچى يوقايدۇ.

بالىنىڭ ئېھتىياجلىرى شەرتسىز قاندۇرۇلغانسېرى ئىشەنچ تۇيغۇسى كۈچىيىدۇ، شەرتلىك ھالدا قاندۇرۇلغانسېرى ئاجىزلاشقا باشلايدۇ.

بۇ پەقەت بالىنىڭ ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگىلا زىيان يەتكۈزۈش بىلەن چەكلىنىپ قالىدىغان ئەھۋال ئەمەس.

بىر بالا ئانىسىغا قانچىلىك باغلانسا، ھاياتقىمۇ شۇنچىلىك باغلىنالايدۇ.

## 88. بالىلىقنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا دادىسىنىڭ مۇرىسىدە ئۆتكۈزگەن بالىنىڭ خاتىرجەملىك تۇيغۇسى تولۇپ تاشقان بولىدۇ

بالا، شەپقەت تۇيغۇسىنى ئەڭ كۆپ قۇچاقتا، ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ھېس قىلىدۇ.

شەپقەت ـ قۇچاقتا، كۆكرەك قىسمىدا ۋە يۈرەككە يېقىن جايدا تېخىمۇ قويۇق شەكىلدە ھېس قىلىنىدىغان تۇيغۇدۇر.

قۇچاق ئەسلىدە ئىنسانغا ھېسسىي يېقىنلىشىشنىڭ بېشارىتى بولۇپلا

قالماستىن، تەقدىم قىلىشنىڭمۇ ئىمسالىدۇر.

مۇرە ئاساسەن دېگۈدەك كۈچنى تەمسىل قىلىدىغان جايدۇر.

بالا دادىسىنىڭ مۇرىسىدە خاتىرجەم ۋاقىت ئۆتكۈزگەندە ئۇنىڭدىن كۈچ ئالىدۇ.

ئانىنىڭ قۇچىقىدا ئېرىشكەن باغرى يۇمشاقلىق، دادىنىڭ مۇرىسىدىن ئالغان كۈچ بىلەن مۇللىشىدۇ.

بۇ تۇيغۇلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەي چوڭ بولغان كىشىدە بىر نەرسىلەر كەمچىلدۇر.

ئانىنىڭ قۇچىقىدا مېھرى ـ شەپقەت، دادىنىڭ مۇرىسىدە كۈچ بىلەن « مەن يېنىڭدا، خاتىرجەم بول » تۇيغۇسى ھېس قىلدۇرۇلغان بالا ھېسسىي جەھەتتىن تېخىمۇ تويۇنىدۇ، تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

## 89. بالا ئۆزىنى خاتىرجەم ھېس قىلىدىغان كىشىنىڭ يېنىدىلا خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشكە جۈرئەت قىلىدۇ

بالا ھەممە نەرسىنى بىلىپ كەتمەيدۇ.

ھەم ھەممە ئىشنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە قىلىپ كېتەلمەيدۇ.

بالا ئاز ـ ئازدىن يىغىلىۋاتقان تەجرىبە ـ ساۋاق جۇغلانمىسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

ئۆگىنىش ئۈچۈن خاتالىق سادىر قىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ.

قايتا ـ قايتا قىلىش ئارقىلىق خاتالىقلىرى ئازىيىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ يېتىلىش باسقۇچىنى تاماملايدۇ.

بالىنىڭ خاتالىقىنى يۈزىگە سېلىش ئۇنىڭ ئۆزىنى قەدىرسىز، كارغا كەلمەس ۋە ئەيىبلىك ھېس قىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

بالىنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزىشىدىنمۇ نورمال ئىش بولمىسا كېرەك.

ئاتا ـ ئانا بولۇش بالىنىڭ خاتالىقلىرىنى يۈزىگە سالماسلىقتۇر.

خاتالىق ئۆتكۈزگەن بالىنىڭ قەيەرلەردە كەتكۈزۈپ قويىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئۇ خاتالىقنىڭ قايتىلانماسلىقى ئۈچۈن بالىغا بىلىندۈرمەستىن ياردەم قىلىشتۇر.

## 90. تېز ۋە دۈدۈقلاپ سۆزلەش، سۆزلىرى ئەستايىدىللىق بىلەن تىڭشالمىغان بالىلارنىڭ ئادىتىدۇر

سۆزلەش، ئەسلىدە بالىنىڭ ھېسسىي يېتىلىشىنىڭ قايسى ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان نۇقتىدۇر.

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنى ئىپادىلەشكە مەجبۇرلانغان بالىلار، ئىتتىك سۆزلەش، ئاۋازىنى قىسىش، سۆزلەرنى يۇتۇۋېلىش ۋە قىسقا جۈملىلەر بىلەن ئۆزىنى ئىپادىلەشكە ئادەتلىنىدۇ.

بۇ خىل بالىلار ئۆزىنى قەدىرلىك ھېس قىلغان ۋاقىتلاردىمۇ كۆنۈپ قالغان بۇ ئادىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

چوڭ بولغان ۋاقىتىدىمۇ قىلغان سۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى ئەندىشىلىرى ئەكس ئېتىدۇ.

ئۇنىڭچە ئالدىدا تۇرغان كىشى قەدىرلىك بولۇپ، ئۆزى ۋە قىلىدىغان سۆزلىرى قەدىرسىزدۇر .

شۇڭا دەيدىغانلىرىنى تېزدىن ئېيتىپ، ئالدىدىكى كىشىنى ئۆزى سەۋەبلىك پەيدا بولغان «قىيىنچىلىقتىن خالاس قىلىشنى» ئويلايدۇ.

## 91. غەم ـ غۇسسىسىز خۇشاللىق پەقەتلا باللىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلىدۇر

ئىنسان ھاياتى غەم ـ قايغۇلار بىلەن تولۇپ تاشقاندۇر...

مەسئۇلىيەتچان كىشىلەر غەمدىن خالىي بولالمايدۇ...

مەسىلەن :

تەلىم ـ تەربىيە غېمى...

ئىش غېمى...

ئايالى ۋە بالىلارنىڭ غېمى...

بالىلىق دەۋرى غۇبارسىز دەۋردۇر ... بالىلىق دەۋرىدە مەسئۇلىيەت يوق بولۇپ، ھاياتقا بولغان ئىشتىياقلا مەۋجۇت بولىدۇ. ئىنسان مەسئۇلىيەتتىن يىراق بولغانسېرى غەمدىن خالاس بولىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن غەم ـ قايغۇلاردىن خالىي بەختىيارلىققا تولغان دەۋر پەقەتلا بالىلىققا خاستۇر.

بالىنىڭ غەمسىز بەختىيارلىق ئىچىدە ياشاش ئىمكانىيىتى ، ئاتا ئانىنىڭ پەرزەنت يېتىشتۈرۈشدىكى ئەستايىدىللىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

## 92. پەرزەنت تەربىيەسىنىڭ تۈپ مەقسىتى بالىغا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتۇر

مۇئامىلىدىكى ماسلىشىش ـ كىشىلەرنىڭ ھېسسىي يېتىلىشىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنىڭ يەكۈنىدۇر.

ماسلىشىش ـ پىشىپ يېتىلگەن بىر ئىنساننىڭ ياشاش ئىقتىدارىدۇر.

بۇ ھەرگىزمۇ تارتىنچاقلىق قىلىپ ئۆزىنى ئىپادىلىيەلمەسلىك، دېيىلگەن ھەر بىر سۆزنى بەجا كەلتۈرۈش دېگەنلىك ئەمەس.

ماسلىشىش ـ كىشىنىڭ ئۆزىنى ئۆز پېتى نامايەن قىلىشىدۇر.

ماسلىشىش ـ كىشىنىڭ ئۆزى بىلەن، ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ۋە ھايات بىلەن بىردەكلىكىنى ساقلاشتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپتە ئەكس ئېتىدۇ.

ئىنسانىنىڭ ئۆزى بىلەن ئەپ ئۆتۈشى، «ئۆز»لىك چۈشەنچىسىنى ئىجابىي تونۇشى ۋە ئۆزىنى ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن قەدىرلەپ تونۇشى ئۆزى بىلەن ماسلىشىشنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ماسلىشىش كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ھەر خىل ھەل قىلىش چارىلىرىنى تېپىپ چىقالىغان، ھېسسىي ئالاقە نۇقتىلىرىنى بىلىدىغان، ئىنسانلار بىلەن قەدىر ـ قىممەت ئاساسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتالىغان كىشىلەر ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ماسلىشىش ئىچىدە ئۆتىدۇ.

ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ماسلىشىش ئىچىدە بولغان تەقدىردىمۇ، كائىنات بىلەن پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلالمىغان كىشىلەرنى ھايات بىلەن مۇكەممەل ماسلىشىش ھاسىل قىلدى دېيەلمەيمىز.

دەل ـ دەرەخلەر، قۇشلار، سۇ، تۇپراق ۋە ھاۋا بىلەن توغرا مۇناسىۋەت ئورنىتالىغان، ئۆزىنى كائىناتنىڭ بىر قىسمى دەپ ھېس قىلغان كىشىلەر، ماسلىشىشنىڭ ئۈچىنچى پەللىسىگە يەتكەن بولىدۇ.

ھېسسىي يېتىلىشى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان باللار، ھاياتىدا ماسلىشىش جەھەتتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەردىن خالىي بولالمايدۇ.

## 93. كىشىلىكنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى قوپال مۇئامىلىگە دۇچار بولۇشىدىن ئەمەس، بەلكى قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان كىشى بىلەن داۋاملىق بىللە ياشاشقا مەجبۇر بولۇشىدىندۇر

باللا ئاتا ـ ئانىسىغا موھتاج بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ياشاشقا مەجبۇردۇر.

بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئەڭ قىيىن تەرىپى، ئۆزىنى قوپال مۇئامىلىگە دۇچار قىلغان، قەدىرسىز ھېس قىلدۇرغان كىشى بىلەن قايتىدىن ئالاقە قىلىشقا مەجبۇر بولۇشتۇر.

ئۆزىگە قەدىرسىزلىكنى ھېس قىلدۇرغان كىشىگە، يەنى ئاتا ـ ئانىسىغا قايتىدىن يېقىنلىشىش ئۈچۈن تۇيغۇلىرىنى باستۇرۇشقا مەجبۇر بولۇش بالىنى قاتتىق ئازابلايدۇ.

ئۆزىنى رەنجىتكۈچىنىڭ ئالدىغا قايتىدىن بېرىشقا مەجبۇر بولۇش... بۇ بەلكىم كىشى دۇچ كېلىدىغان ئەڭ ئېغىر ئازابلارنىڭ بىرىدۇر.

ئۆزىنى خورلىغان ئاتا ـ ئانىسىغا تېخىچە موھتاج بولۇش بالىغا خورلىنىشتىمۇ بەك ئېغىر تۇيۇلىدۇ.

ئاتا ـ ئانا بالا بىلەن ئەپلىشىپ قېلىش ئۈچۈن ھېچ بولمىغاندا زۆرۈر بولغان شارائىتنى يارىتىپ بېرىشى، تۇنجى قەدەمنى ئۆزى بېسىشى كېرەك.

بالىنىڭ خورلانغان ھالدا يەنە ئاتا ـ ئانىسىغا يېقىنلىشىشىنى تەمە قىلىش، ئۇنى يەنە بىر نۆۋەت زىيانغا ئۇچرىتىشتۇر.

ئاتا ـ ئانا ھېچ بولمىغاندا «بالام، مېنى ئەپۇ قىلغىن، ساڭا ئازار بېرىپ قويدۇم» دېيەلىسە، بالىسىنى يەنە بىر قېتىم خارلىنىش تۇيغۇسى ھېس قىلىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولىدۇ.

## 94. بالىنىڭ راستچىل بولالماسلىقى بېسىمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر

بالىنىڭ ھېسسىي جەھەتتە ئۆزىنى خاتىرجەم ھېس قىلالىشى ئۈچۈن بېسىمغا ئۇچرىماسلىقى كېرەك. بېسىمغا ياكى مەجبۇرلاشقا دۇچ كەلگەن ۋەياكى ئازارغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقىدىغان بالا ئۆزىنى خاتىرجەملىك ئىچىدە ھېس قىلالمايدۇ.

ئۆزىنى خاتىرجەملىك ئىچىدە ھېس قىلالمىغان كىشىنىڭ تۇغرىنى ئېيتقۇدەك جاسارىتى بولمايدۇ .

بالا لاكموس قەغىزىگە ئوخشايدۇ. ئاتا ـ ئانا ئۆزىنى ناھايىتى ياخشى كىشى، ناھايىتى ياخشى ئانا ۋەياكى دادا دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەمما بالىنىڭ پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ قانداق ئاتا ـ ئانا بولۇۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان كۆرسەتكۈچتۇر.

بىر بالا يالغان سۆزلىگەن ۋەياكى راست گەپ قىلىشتىن قورۇنۇۋاتقان بولسا، ھەممىدىن ئەۋۋەل بالىنىڭ ئەھۋالىنى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پوزىتسىيە ـ مۇئامىلىسىنى تەكشۈرۈپ بېقىش كېرەك. بالا بەلكىم ئۆزىگە بېسىم قىلىنغانلىقى ئۈچۈن يالغان سۆزلەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

راستچىل بولۇشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقان بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بالىنى راستچىل بولۇشقا زورلاشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭغا ئۆزىنى خاتىرجەم ھېس قىلىدىغان شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك.

*لاكموس قەغىزى ـ خىمىيە تەجرىبىسىدە ئىشلىتىلىدىغان قەغەز

## 95. «سەن»، يەنى ئىككىنچى شەخس تىلى بالىدا ئەيىبكارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ

چوڭلار ئۆزئارا پاراڭلاشقاندا بىرىنچى شەخس تىلى بولغان « مەن »نى قوللىنىدۇ. « مەن » ئىبارىسى كىشىنىڭ تۇيغۇلىرى، خىياللىرى، ئويلىرىنى ئىپادە قىلىشقا ماس كېلىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تەقەززاسىدۇر.

لېكىن كىشىلەر باللىرى بىلەن پاراڭلاشقاندا بىردىنلا ئىككىنچى شەخس تىلى « سەن » ئىبارىسىنى قوللىنىشقا باشلايدۇ. « سېنى بۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلىمايتىم ...»

« بۇ قىلىق توغرا ئەمەس » دېيىش يېتەرلىك بولىسىمۇ، « سەن » تىلىنى ئىشلىتىش، ئۇ قىلمىشنى بالىنىڭ كىشىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قويۇش دېگەنلىكتۇر.

»بۇنى خاتا قىلدىڭ، تولۇق ئورۇندىمىدىڭ، سېنى بۇنداق قىلار دەپ ئويلىمايتتىم » دېيىش بالىنى ئىچ ـ ئىچىدىن ئەيىبكارلىق تۇيغۇسىغا ئىتتىرىدۇ.

بالا بىلەن پاراڭلاشقاندا مەيلى « سەن » بولسۇن ياكى « مەن » ئىبارىسى بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى مۇۋاپىق ئەمەس .

»سەن » ئىبارىسى بالىدا خاتالىق بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىش ۋە ئەيىبكارلىق تۇيغۇسىنى، « مەن » ئىبارىسى بولسا يارامسىزلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ.

باللار بىلەن ئالاقە ئورناتقاندا ۋۇجۇد (بەدەن) تىلىنى ئىشلىتىش ئەڭ توغرا ئۇسۇلدۇر.

ۋۇجۇد تىلىدا نە « سەن »، نە « مەن » ئۇرغۇسى بولىدۇ.

بالىنىڭ بىر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىشى يېتەرلىكتۇر.

خاتا بولغان نۇقتا، بالىنىڭ خاتا قىلمىش بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان تىل ئۇسلۇبىنىڭ ئىشلىتىلىشىدۇر.

## 96. چوڭلارنىڭ ھېسسىي جەھەتتىن يېتىلەلمەسلىكىنىڭ تۆنجى قۇربانى باللاردۇر

ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەر جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانا بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسسىي جەھەتتىن تويۇنغان بولۇشتۇر.

ھېسسي جەھەتتن پشپ ـ يېتلمگەن ئاتا ـ ئانا پەرزەنتى ئۆزدن تەلەپ قلغان تۇيغۇلارنى بېرەلمسە، ئۆزنى يارامسز ۋە تۆگەشكەندەك ھېس قلدۇ.

پشپ ـ يېتلمگەنلك تۇيغۇسنى يېڭش ئۈچۈن بالسغا خۇددى « بۇ تۇيغۇلارنى مەندن تەلەپ قلما، بېرەلمەيمەن » دەۋاتقاندەك رەت قلش مەنسدكى مۇئامللەردە بولۇشقا باشلايدۇ.

كشى باللق بولۇشتن ئلگرى ناھايتى كەڭ دائرلك ئجتمائي ھايات ۋە دوست ـ يارەنلەرگە ئگە بولۇشى مۇمكن. چۈنكى دوستلۇق مۇناسۋتدە چوڭقۇر ھېسسي باغلنشنڭ بولۇشى شەرت ئەمەس. ئەمما بالا چوڭقۇر رشتگە موھتاجدۇر.

كشى ئاتا ـ ئانا بولۇشتن بۇرۇن ھېسسي يېتلشنى قولغا كەلتۈرۈشى ۋە ئۆز تۇيغۇلرنى تزگنليەلەيدغان بولۇشى لازم. شۇنداق بولغاندلا بالنڭ ئەڭ مۇھم ئېھتياجلرنى قاندۇرالايدۇ.

## 97. بېسم ۋە مەجبۇرلاش ئاستدكى قز پەرزەنت فترەت قالايمقانچلقغا دۇچار بولدۇ

بالا پەقەت ئۆزنى خاترجەملك ئچدە ھېس قلغاندلا روھيتى يېتلدۇ، كۈچلندۇ.

بېسم ئاستدكى باللار ھېسسي يېتلش جەريانني تاماملاشتا قينلدۇ ...

بۇ مەجبۇرلاشلار قز پەرزەنتلەرنى نازاكەتلك خانم ـ قزلاردن بولۇپ يېتلشنڭ ئورنغا، ئۆزنى قوغداش ئۈچۈن « ئوغۇل بالدەك بولۇش »قا ئتترىدۇ...

بۇنداق ئەھۋال بالنڭ فترتى بلەن زتلششنى كەلتۈرۈپ چقردۇ... قز بولغان تەقدردمۇ ئوغۇل بالدەك ياشاش فترەتكە

زىنتتۇر. قىز بالا ئۆزىنى ئوغۇل بالىدەك ھېس قىلغانسېرى قىزلارغا خاس نازاكەتتىن يىراقلىشىدۇ . . .

مەسىلەن، ئۆزىنى ئوغۇل بالىدەك ھېس قىلغان قىزلار يوپكا كىيمەيدۇ، زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشنى ياخشى كۆرمەيدۇ . . .

كۆپىنچە ئاتا ـ ئانىلار قىزلىرىنىڭ « ئوغۇل بالىدەك » بولۇشى بىلەن ماختىنىدۇ.

ئوغۇل بالىدەك بولغان قىزلار ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشى قوغدايدۇ، قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەيدىغان بولىدۇ دەپ ئويلايدۇ.

ھالبۇكى، كىشى، يەنى قىزلار قىز بالىدەك، ئوغۇللار ئوغۇل بالىدەك بولۇپ ئۆز فىترىتىگە ماس ھالدا ياشىغانسېرى روھى جەھەتتىن ھۇزۇر تاپىدۇ.

## 98. ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلىق دەۋرىدە مەھرۇم قالغان تۇيغۇلىرىنى بالىسى ئارقىلىق تولۇقلاشقا ئىنتىلىشى ھېسسىي جەھەتتىكى خاتالىقتۇر

ئاتا ـ ئانىلار بەزىدە ئۆزى مەھرۇم قالغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بىلىپ ـ بىلمەي بالىلىرىغا يۈزلىنىدۇ.

سۆيگۈدىن مەھرۇم قالغان ئاتا ـ ئانىنىڭ نەزىرىدە بالىسى بۇ ئېھتىياجنى قاندۇرغۇچىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە بالىسى ئۇنى ھەرقانداق شارائىتتا ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا موھتاج بولىدۇ ۋە ئاتا ـ ئانىسى مەھرۇم قالغان تۇيغۇلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدۇ.

مۇشۇنداق يۈزلىنىش ئىچىدىكى كىشى ئەڭ چوڭ ئىلھام مەنبەسىنىڭ بالىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئەمەس، بەلكى ئۆز ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن.

ئاتا ـ ئانىنىڭ بۇ قىلمىشى ئۆزىدىكى ئۆتمۈشتىن قالغان يارىلارنى

تېخىمۇ ئۆچۈن بالىسىغا يۈزلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. لېكىن ئۇلار بۇنى ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ.

بالىنىڭ ھاياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىن تارتىپ «ئۆزى» سۆيۈپتىدە ئەمەس، بەلكى باشقا بىرسىنىڭ ھېسسىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئادەتلىنىشى، كىشىلىكىنىڭ يېتىلىشىدىن تارتىپ شەخسى تۇرمۇش تەربىيىسىگىچە بولغان نۇرغۇن تەرەپلەردە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئاتا ـ ئانىنىڭ مەقسىتى ـ ئۆزىنى ساقلايتىش ئەمەس، بەلكى بالىسىنىڭ ھېسسىي يېتىلىشىگە يار يۆلەكتە بولۇش بولۇشى كېرەك.

بالا بىلەن مۇشۇنداق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانىدا ئاتا ـ ئانا ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ كېتىدۇ.

## 99. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جېدەل ـ ماجىرالىرى ئىچىدە چوڭ بولغان بالىلار ھېسسىي جەھەتتىن تۆگىشىپ كېتىدۇ

ئائىلىدىكى جېدەل ـ ماجىرا مۇھىتى بالىنىڭ ھېسسىي يېتىلىشىگە توسالغۇ بولىدۇ. بۇ خۇددى بىر تاغارنىڭ ئاستىنىڭ تېشىلىپ كېتىپ، ئىچىدىكى ئۇننىڭ ئاستا ـ ئاستا تۆكۈلۈپ كېتىشىگە ئوخشايدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار سوقۇشقانسېرى تاغارنىڭ ئىچىدىكى ئۇنغا ئوخشايدىغان تۇيغۇلار تۆۋەنگە تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار بىر مەزگىلدىن كېيىن تاغارنىڭ قۇيقۇرۇق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ۋە بالىنىڭ ھېسسىي جەھەتتىن ئېنېرگىيەسى تۆگىگەن بىر كىشىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتىشى كېرەك.

ئۇنداقتا ، ئائىلىدىكى جېدەل ـ ماجىرالار نېمە ئۈچۈن بالىغا تۆگىشىپ كەتكەنلىك تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇرىدۇ؟

تۆگىشىپ كېتىش، يېتەرسىزلىك تۇيغۇسىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بالا ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل ـ ماجىراغا چارە تېپىپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى يارامسىز دەپ ھېس قىلىدۇ. بالىنىڭ تۆگىشىپ كېتىشى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جىدەللىشىشى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ جېدەل ـ ماجىرالارنى تۆگىتىدىغان چارە تېپىپ بېرەلمىگەنلىكىدىن پەيدا بولىدۇ.

بالىنىڭ تۆگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىش، ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدىكى جېدەلنى پۈتۈنلەي ھەل قىلالمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا بالىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى ئۈچۈن دەتالاش قىلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ ئازىيىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

## 100. بالىنىڭ خاتالىقلىرىغا تەبەسسۇم بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇنىڭغا خاتالىقنى تۈزىتىش پۇرسىتى بېرىدۇ

خاتالىقنىڭ تۈزىتىلىشى ئۇ خاتالىقنى بىلىپ يېتىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بالا خاتالىق سادىر قىلغان ۋاقىتتا دىققىتىنى خاتالىققا ئەمەس، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە ئاچچىقلىنىدىغانلىقىغا مەركەزلەشتۈرۈسە، سادىر قىلغان خاتالىقنى بىلىپ يېتەلمەيدۇ... كېيىن يەنە ئوخشاش خاتالىقنى قايتا سادىر قىلىدۇ...

ھالبۇكى، خاتالىق ئۆتكۈزگەن پەيتتە ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا ئىغىر ـ بېسىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلالىسا، بالا خاتالىقنىڭ سادىر بولۇش تەرتىپىنى ئىچىدە قايتىدىن تونۇپ يېتىدۇ... خاتالىقنىڭ سادىر بولۇش جەريانىنى بايقاپ چىققان بالا، خاتالىقلاردىن قانداق قىلغاندا خالىي بولىدىغانلىقى توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ.